# DOĞU TÜRKİSTAN'IN SESİ

صوت تركستان الشرقية

Voice of Eastern Turkistan




DOĞU TÜRKİSTAN VAKFI YAYINI
3 AYLIK İLMÎ VE KÜLTÜREL
DERGİ

YIL : 13 SAYI : 54 (1998/1)





# مۇندەرىجە

دۇنيا ئىسلام بىرلىگى تەشكىلاتىنىڭ شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى
تۇغرىسىدىكى قارارى ........ 3
شەرقىي تۈركىستان - تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى ........
ئەخمەت ئىگەمبەردى ........ 6
ختاي ھۆكۈمىتى ۋەختايدىكى دېموكراتىك سايلام زۇرۇرىيىتى ........
مەھمەت كۆكيار ........ 17
شەرقى تۈركىستاندا دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىسلام ........ ئابدۇلھكىم ئىلتەبىر .... 24
ئىستانبۇلدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى ........ 41
ئەنقەرەدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى :
ختاينىڭ مۇستەملىكە سىياستى ۋە شەرقى تۈركىستان........ 42
شەرقى تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيتى خەۋەرنامە نەشىر قىلدى ........ 43
ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستانلىق ئاياللارنىڭ ساداسى ........ 43
ختايدىكى تۈرك تامغىسى ........ 44
شەرقى تۈركىستان تارىخى ........ مەھمەتئىمىن بۇغرا ........ 46
ئۈچ غەزەل........ ماھمۇد ئەكرەمى ........ 56
خەلقىمىزنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى كۆچەيمەكتە........59
روسىيە ئۇيغۇرلار مۇجاھىدلارغا سىياسى پانالىق بەردى ........ 62
شەرقي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيتىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى ........63

# شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى

( پەسىللىك ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت ژۇرنىلى )

تۈركىيە شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

1998 - يىل ـــــ 54 - سان

قۇرغۇچىسى: ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن

ئىمتىياز ساھىبى: مەھمەت رىزا بەكىن

يېزىقچىلىق مۇدىرى: ھامىت گۆكتۈرك

مەسئۇل مۇھەررىر: دوچانت ئا. باقى

تەھرىر ھەيئەتلەر:

پروفېسسور دوكتور مەھمەت ساراي

دوكتور مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا

پروفېسسور دوكتور ماھمۇت قاشقارلى

ھامىت گۆكتۈرك، پ. تەكىنتاغلى

دوچانت ئابدۇلھەكىم باقى ئىلتەبىر

تېلېفون: (0212) 5216002

فاكس: (0212) 5348067

ئادرېس: مىللەت جاددەسى كۆچۈك

ساراي ئاپارتمان 34270 ـــ 3 - 26

يۈسۈپ پاشا. ئاقساراي. ئىستانبۇل

مۇشتەرى ھەققى: 600 مىڭ لىرا

يۇرت تېشى: 30 دوللار (45 مارك)

بانكا ھېساپ: ئاق بانكا ئىستانبۇل

يۈسۈپ پاشا شۆبە DHM 601 - 832

ھەسرەت باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ماقالىلار

نىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس.

ماقالىلارنى كۆچۈرۈپ بېسىش،

ۋە پايدىلىنىش قارشى ئېلىنىدۇ.



**ESARETTEKİ TÜRK - İSLAM ÜLKESİ**

# DOĞU TÜRKİSTAN

بىسمىللەھى الرەھمانىررەھىم

ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، ھەرگىز بۆلۈنمەڭلار !

## دۇنيا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ

# شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى توغرىسىدىكى قارارى

دۇنيا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ 35 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمى يىغىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدە بولتۇر 7 ـ دىكابىردىن 10 ـ دىكابىرغىچە ئۆتكۈزۈلدى. ئومۇمى يىغىن ھەرقايسى كومىتېتلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە ئېلىپ باردى ۋە بىرمۇنچە مۇھىم قارارلارنى قوبۇل قىلدى. يىغىننىڭ ھازىرقى زامان ئىسلام مەسىلىلىرى كومىتېتى شەيخ مۇھەممەد ناسىر ئەل ئەببۇدىنىڭ رىياسەتچىلىگى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ئۇستاز رەھمىتۇللاھ ئىنايىتۇللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا ئېچىلدى. شەرقى تۈركىستان ۋەكىلى گېنىرال مەھەممەد رىزا بەكىن تۈركىيەدىكى شەرقى تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى نامىدا شەرقى تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن قۇرغۇچى ئەزالىق سالاھىيىتى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى ۋە ئومۇمى يىغىندا سەھنىگە چىقىپ سۆزلىدى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئىسلام مەسىلىلىرى كومىتېتىدا شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ھەمدە خەلقىمىزنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىن كۈتىۋاتقان ئۈمىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرمۇنچە ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان كومىتېت شەرقىي تۈركىستان، بوسنا ـ ھەرسەك، جامۇ ـ كەشمىر، ئافغانىستان، چېچەنىستان، تاجىكىستان ۋە قىبرىس مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەسىلىلىرى ھەققىدە جىددىي قارارلارنى قوبۇل قىلدى. قارارنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى قىسمىدا شۇنداق دېيىلگەن :

《 1 ، دۇنيا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتى ـ رابىتە تەسىس مەجلىسى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بەزى مەسجىدلەرنى يىقىتىپ تاشلاش، رابىتەنىڭ شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى ئىسلام جەمئىيىتىگە يوللىغان قۇرئانى كەرىم تەرجىمىسىنى مۇسادىرە قىلىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مەسجىدتە ناماز ئوقۇشتىن توسۇش، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلام دىنى ئوقۇغۇچىلىرىنى تۇتۇپ ، سولاش ھەرىكەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈردى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىسلام نۇرى تارقالغاندىن بېرى ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسىنى ئەسلەتتۈردى . خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى يىللاردا تۇتقان ئېچىۋېتىش سىياسىتى مۇسۇلمانلار دىللىرىدا ياخشى تەسىر قالدۇرغان ئىدى. مەجلىس، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرىنى ئىلىپ بېرىش، مەسجىدلەرنى بىنا قىلىش، كىتابلىرىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش چاقىرىقىنى بېرىدۇ .

2 ، تەسىس مەجلىسى ، ئىسلام قۇرۇلتىيى تەشكىلاتىدىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقارا ساھەدە مۇزاكىرە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلامىي مەۋجۇدىيىتىنى يوقۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان زالىمانە ھەركەتلەرنى توختۇتۇش ئۈچۈن خەلقارا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي قوللىشىغا ئىگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دۇنيادىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىغا مۇسۇلمانلار ھوقۇقى ئاياق ئاستى قىلىنىۋاتقانلىق ھەققىدە سانلىق مەلۇماتلار تەييارلاش ئىشلىرىدا ياردەملىشىپ دۇنيادىكى مۇناسىۋەتلىك ئىسلامىي ۋە خەلقارا تەشكىلاتلارغا تەقدىم قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

3 ، تەسىس مەجلىسى ، مۇسۇلمان ھۆكۈمەتلىرىدىن ۋە خەلقلىرىدىن شەرقىي

تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش، ئەركىنلىكىنى قايتۇرۇۋېلىش، ئۆز ۋەتىنىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش، ئىسلامىي مەنپەئەتلىرىنى قوغداش كۆرەشلىرىدە ياردەم قولىنى سۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ، شۇنداقلا خەلقارا ۋە ئىسلامىي تەشكىلاتلاردىن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ۋەھشىي سىياسەتلەرنى توسۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئىمام - خاتىپلار ۋە ھەرخىل ئاخبارات ئورگانلىرىغا بۇ ئىسلامىي مەسىلىگە قارىتا ئاممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.»

يىغىن يەنە بوسنا - ھەرسەك ھەققىدە: «دايتون شەرتنامىسىنى ئىجرا قىلىش، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى جازالاش، بالقاندا يەنە بىر پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، بوسنا - ھەرسەككە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش» ، جامۇ - كەشمىر ھەققىدە : «ھىندىستاننىڭ زۇلمىنى توختىتىش، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش» ، ئافغانىستان ھەققىدە : «تەرەپلەر ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بويىچە ئىش قىلىش ، چەتنىڭ ۋەيران قىلغۇچى كۈچلىرىنى رەت قىلىش» ، چېچەنىستان ھەققىدە : «ئىسلام دۆلىتى ئېلان قىلغان چېچەنىستاننى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، دۇنيا دۆلەتلىرى قاتارىغا قوشۇش» ، تاجىكىستان ھەققىدە : «27 - ئىيول موسكۋا شەرتنامىسىغا ئەمەل قىلىپ ، ئەركىن سايلام ئېلىپ بېرىش، ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمان كۈچلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشنى توختىتىش ، پاناچلارنى يۇرتلىرىغا قايتۇرۇش، ئىدارە ۋە ئىسلام ئەسلىھەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىش» ، قىبرىس ھەققىدە : «مۇسۇلمان قىبرىس ھۆكۈمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، دىپلوماتىك، ئىقتىسادىي ۋە ئاخبارات ساھەلىرىدە ئالاقىنى كۈچەيتىش، خەلقارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش» قاتارلىق قارارلارنى قوبۇل قىلدى.

## 6 ـ قېتىملىق تۈرك دۆلەتلىرى ۋە توپلۇلۇقلىرى قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن دوكلات

## شەرقىي تۈركىستان : تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى

ئەخمەت ئىگەمبەردى ( ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتىنىڭ رەئىسى )

ھۆرمەتلىك قۇرۇلتاي رەئىسى ، تۈرك دۇنياسىنىڭ ۋەكىللىرى :

ھەممىڭىزلەرگە شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىڭىز نامىدىن ھۆرمەت ۋە ساالاملىرىمنى تەقدىم ئېتىمەن.

بۇگۈن بىز بۇ يەردە مىللىتىمىزنىڭ ئالتۇن بۆشۈگى ۋە تارىختا ئۆچمەس شانلىق ئىزلار قالدۇرغان شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى نامىدىن سىزلەر بىلەن بىرلىكتە يىغىنغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى چەكسىز بەختلىك ھىساپلايمەن.

مەن سىلەرگە تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى ۋە ئۇنتۇلغان ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستان بۇگۈنكى ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرمەكچىمەن.

مەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر تۈركىمەن. ئۇيغۇر نامى بوۋىمىز ئوغۇزخان ۋە ئۇندىن ئىلگىرىكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ بىلەن تۇتىشىدۇ... مىنىڭ دىنىم ئىسلام، ئاللاھقا ئىشىنىمەن ، ئاتا ـ بوۋىلىرىم بۇ دىننى مىڭلارچە يىللار ئىلگىرى روھى ئوزۇق ۋە ھەم بۇ دۇنيالىق ھەم ئۇ دۇنيالىق ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن قوبۇل قىلغان. مەن شەرقىي تۈركىستاندا توغۇلدۇم. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدىم...

كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن ئىلگىرى ۋەتىنىمىز

نوپۇسىنىڭ 95 % نى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركى خەلقلەر تەشكىل قىلاتتى. هازىرقى كۈندە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركى خەلقلەر ئازسانلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈلدى. خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى خىتاينىڭ توپرىقىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن كۈنىگە 5 ـ 10 مىڭغا يېقىن خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ يەرلەشتۈرمەكتە. بۇ سەۋەپتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسلىق خەلقى ئاز سانلىق هالغا چۈشتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا 100 مىليون خىتاينى يەرلەشتۈرۈشنى پىلانلىغان.

1984 ـ يىلدىن بېرى « تۇغۇتنى قاتتىق كونترول قىلىش » سىياسىتى مۇسۇلمان تۈركلەر ئارىسىدا رەسمەن يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن ، 3 مىليون بوۋاق ئۆكۈل، 2 مىليون بوۋاق ئابورت قىلىش يولى بىلەن رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. تىببى ئەسلىھەلەرنىڭ يېتىشسىزلىگى ۋە تىببى ياردەمنىڭ كەمچىللىگىدىن يۈز مىڭلىغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللىرىمىز ئىچىنىشلىق تۈردە ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە زورلانماقتا.... بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قاتتىللىق چارىلىرى بىلەن مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ يىللىق ئۆسۈشى توختاپ ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى يىلدىن ـ يىلغا ئازايماقتا.

شەرقىي تۈركىستان يالغۇز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ قانلىق زىندانى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈچۈن ئاتوم قۇراللىرىنى سىناق قىلىدىغان هەم تەتقىق قىلىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاتوم پولىگونلىرىنىڭ بىرىدۇر. 1964 ـ يىلدىن باشلاپ 46 قېتىملىق ئاتوم سىناقلىرىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا يەر، سۇ، هاۋا بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، پۈتۈن تەبىئەت كىشىنى دەھشەتكە سالىدىغان هالدا بۇلغىنىپ بولدى. كىشىلەرنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغان قان، ئۆپكە، جىگەر ۋە تېرە راكلىرى كەڭ تارقالماقتا. رادىئوئاكتىپ

نۇرلىرى بىلەن زەھەرلەنگەن ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى رەسمىي كۆرسەتمىلەردە 26 مىڭ ، لېكىن مۇستەقىل مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، 260000 كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى ئېنىق. بالىلارنىڭ غەيرى نورمال بولۇپ تۇغۇلۇشلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئاچكۆز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسى ئېپلاس سىياسى غەرەزلىرى ھەم ئازغىنا ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىر قوشنىسىنىڭ ئاتوم سىناقلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارماقتا. ھەتتا چەتئەللەرنىڭ ئاتوم چىقىندىلىرىنى تەكلىماكانغا تۆكتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئاتوم ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندۇردى. ئېسىمىزدە بولسۇنكى ، بۇ ئاتوم قۇراللىرىنىڭ تەھدىدى يالغۇز شەرقىي تۈركىستانغىلا ئەمەس، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوشنا مەملىكەتلەر ۋە پۈتۈن دۇنيانى كۆزدە تۇتقان دۇنياۋى ئورتاق تەھدىددۇر ....

1.8 چاسا كىلومېتىر يەر مەيدانى بار، 30 مىليون ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركلەر ياشايدىغان بۇ قۇتلۇق دىيار بۈگۈن كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ قانلىق زىندانىغا ئايلاندى. شەرقىي تۈركىستان ، دۇنيادا ئەلمىساقتىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم چېكىدىن ئاشقان شوۋېنىست، فاشىستىك ئاسسىمىلاتسىيە سىياسەتلىرىنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ سىناق مەيدانلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇلغان. شەرقىي تۈركىستان دۇنيادىكى بەزى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەر ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرى، بەزى دىن تەرەپدارى مەملىكەتلىرىنىڭ دىنى ئۆچمەنلىكلىرى ھەم بەزى ئىرقچى قىساسچىلارنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە دۇنيا نەزەرىدىن يىراقتا قالدۇرۇلۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ زالىم، ئەڭ ۋەھشى، ئەڭ ئاچكۆز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسى ئاتلىق «سېرىق ئەجدەرھا» غا تاشلاپ بېرىلگەن، ئاللاھتىن باشقا ئىگىسى يوق، بەختسىز ئۇنتۇلغان ئۆلكىدۇر.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتىدىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى، يۈتمەس - تۈگىمەس زۇلۇم - ئاسارەتلەرنى سالغان خىتاي ھۆكۈمىتى ھالا بۈگۈنگە قەدەر، ئايىقى ئۈزۈلمىگەن سىياسى ھەرىكەتلەرنى توختاتماي، 1996 - يىلى ئاپرىلدىن باشلاپ «100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش» دېگەن 26 - قېتىملىق چوڭ تىپتىكى جازا يۈرۈشى ئېلىپ باردى. دىنى ئۆلىمالىرىمىز، زىيالىلىرىمىز ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىليونلارچە قېرىنداشلىرىمىزنى قىردى، مىليونلاپ قېرىنداشلىرىمىزنى زىندانلارغا تاشلىدى، مىليوندىن ئوشۇق ۋەتەنداشلىرىمىزنى چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ھازىرقى كۈندە 100 دىن ئارتۇق تۈرمە، ئەمگەك لاگېرى، جازا مەيدانلىرىدا يۈز مىڭلارچە ۋەتەنپەرۋەر ياشلار سېستىملىق شەكىلدە قانلىق زىندانلاردا ئازاپ چەكمەكتە ۋە قىرىلماقتا....

1997 - يىلى 4 - ، 6 - فېۋرال كۈنلىرى قازاقىستان چېگرىسىغا يېقىن غۇلجا شەھىرىدە مەيدانغا كەلگەن قانلىق پاجىئەلەر ۋە شۇ ۋەقەلەر تۈپەيلى يۈز بەرگەن ئومۇمى يۈزلۈك قەتلىئام كوممۇنىست خىتاي دۆلەت تېرورىنىڭ ئادەتتىكى بىر مىسالىدۇر. كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانچە ياشاش ھوقوقى، دېموكراتىيە، دىنى ئەركىنلىكلىرىنى تەلەپ قىلغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانۇنى نامايىشلىرىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئورنىغا فاشىستىك ئۇسۇللارنى قوللۇنۇپ قانلىق باستۇردى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قانۇنى تەلەپلىرىگە جاللاتلار قان تۆكۈش يولى بىلەن جاۋاپ بەردى. قۇرالسىز، ھىمايىسىز، مەسۇم قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى ئون مىڭلىغان قاتىل ئەسكەرلىرى يەردە تانكا، بىرونىۋىك، ئاسماندا تىك ئۇچارلارنى ئىشقا سىلىپ، قاتتىق زىمىستان سوغاقتا چوڭ تىپتىكى سۇ چېچىش شلانكىلىرى ۋە

زەھەرلىك گازلارنى ئىشلىتىپ ئومۇمى يۈزلۈك قەتلىئام يۈرگۈزدى. بۇ ۋەقەلەردە 300 دىن ئوشۇق بىگۇنا ياشلىرىمىزنىڭ مۇبارەك قانلىرى غۇلجا كوچىلىرىنى بويىدى.... مىڭلارچە قېرىندىشىمىز يارىلاندى، لېكىن يارىلانغانلارنى ھۆكۈمەت دۈشمەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دوختۇرخانىلاردا داۋالاش ئىمكانىيىتى بولمىدى. پەقەت بىر غۇلجا شەھرىدىلا 5000 دىن ئارتۇق ياش قولغا ئېلىندى. بۇ قانلىق كوممۇنىست خىتاي دۆلەت تىرورى ھازىرغىچىلىك دەھشەتلىك ھالدا داۋام ئەتمەكتە. 1600 نەپەر ياشنىڭ ھازىرغىچىلىك ئىز - دېرىكى يوق بولۇپ، ئۇلار ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق.... بىزگە يەتكەن ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا كۆرە 1995 - يىلى ئاپرېلدىن 1997 - يىلى ئاۋغۇستقا قەدەر شەرقىي تۈركىستان بويىچە 560000 ئادەم قولغا ئېلىنغان. 5000 دىن ئوشۇق زىيالىي ياشلىرىمىز خىتاي زىندانلىرىدا تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەت ۋە قىيىن قىستاقلار نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلدى. 7000 دىن ئارتۇق ياشلىرىمىز 15 يىللىقتىن ئارتۇق ئېغىر قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 1997 - يىلى 30 - ئىيون كۈنىلا يالغۇز قەشقەردىن بىر كېچىدىلا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قولغا ئېلىندى. 1997 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە يەركەنت ۋىلايىتىدىن 30 مىڭدىن ئوشۇق كىشى قولغا ئېلىندى.

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن خىتاي بويىچە ئۇيغۇرلارنى دۈشمەن مىللەت دەپ رەسمىي ئېلان قىلدى. خىتاي دىكتاتورى جاڭ زېمىن رىياسەتچىلىگىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتىتى سىياسى بيۇروسىنىڭ 1996 - يىل 19 - مارت كۈنىدىكى «شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) نىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش» دەپ ئاتالغان 7 - نومۇرلۇق ئىنتايىن مەخپىي ھۆججىتى كوممۇنىست خىتاينىڭ دۆلەت تىرورىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىلىشىگە يېشىل چىراق يېقىپ بەردى. بۇ مەخپىي ھۆججەتنىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى،

ھۆججەت ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن يوقۇتۇش، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقارالىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغاندۇر. بۇ ھۆججەت قەپەزدىن چىقىرىلىشتىن بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سىياسى، ئىقتىسادى ، ھەربى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتلەردە بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ باردى. شەرقىي تۈركىستانغا يۈز مىڭلاپ زامانىۋى يېڭى قوشۇنلىرىنى يۆتكىدى. كەلگۈسىدە قولغا ئېلىنىدىغان يۈز مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ قارا تىزىملىگىنى تۈرغۈزدى. خەلقارادا بولۇپمۇ يېڭى مۇستەقىل بولغان تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن تۈرلۈك سىياسى ، ئىجتىمائى ـ مەدەنى، ئىقتىسادى، ھەربى، چېگرا شەرتنامىلىرىنى ئىمزالىدى. بولۇپمۇ روسىيە ، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان دۆلەتلىرىنىڭ 1996 ـ يىلى 24 ـ ، 26 ـ ئاپرىلدىكى « شاڭخەي شەرتنامىسى » غا قول قويۇشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان بۇ جۇمھۇرىيەتلەردىن كىلىدىغان خەۋپ ۋە تەھدىتلەر ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى خالاس قىلىپ ، بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئومۇمى يۈزلۈك قەتلىئام يۈرگۈزىشكە ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەزى مەنپەئەتلىرى ئۆچۈن بۇ شەرتنامىلەرگە قول قويۇپ، بۇ قانلىق پاجىئەلەرگە شاھىد بولۇپ، تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشى ، ئەلمىساقتىن بېرى دىلى بىر، تىلى بىر، دىنى بىر، جىسمى بىر بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىدە ھىچقاچان يىشىلمەيدىغان بىر قانلىق تۈگۈن پەيدا قىلىپ قويىدى! بۇ قانلىق تۈگۈنگە كىملەر سەۋەپچى؟ بۇ قانلىق يارىلارنىڭ قانلىق قاتىلى كىم؟ ئاتالمىش « مىللەت مەنپەئەتى » ، « دۆلەت مەنپەئەتى » دىيىلگەن تەقدىردىمۇ مۇنداق چىكىدىن ئېشىپ كەتكەن بارمۇ؟ بىز كىم ھەم سىز كىم ؟ بىز دىگەن سىز، سىز دىگەن بىز ئەمەسمىدۇق؟ شەرقىي

تۈركىستاندا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە قازاق، قىرغىز، تاجىك ناملىق ئۆز قېرىنداشلىرىڭىزمۇ بار ئىدىغۇ؟ شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىڭىزنىڭمۇ سىزلەرگە ئوخشاشلا مۇستەقىل ۋە ئەركىن ياشاش ئارزۇ- ئارمانلىرى بار. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇغما ئىنسان ھەققىدۇر. ناھايەتكى، پادا باققاندا بىر بولۇپ، ياڭاق چاققاندا ئايرىلىشاق، ھە؟! بىز سىزلەردىن ياردەم سورايمىز، بۇ قېرىنداش ۋە دىنداشلارنىڭ ئاللاھ ۋە بەندىلىرى ئالدىدىكى ھەققى! ئەگەر ھۆكۈمەتلىرىڭىز ئۇنداق قىلالمىسا ، بىتەرەپ تۇرسۇن. دۇنيادا يامانغا يانتاياق بولغاندىنمۇ ئارتۇق جىنايەت بارمۇ؟ بىز سىزلەردىن ھۆكۈمەتلىرىڭىزگە بىسىم ئىشلىتىپ ، ئۇلارنىڭ يامان يولدىن قايتىشىغا تۈرتكە بولۇشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز. بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىڭىز، خىتاي زۇلمىدىن ئۆز يېشىغا كەلگەن ئۆلۈمدىن مىڭ بىر جاپا بىلەن قېچىپ چىگرانىڭ ئۇ تەرىپىدە، قازاقىستانىم ، قىرغىزىستانىم ھەم جانغا ئارام، پاسىۋانىم بار، دەپ ئاللاھ نامى بىلەن ئالدىڭىزغا كەلسە، سىز ئۇنىڭ پۇت- قولىنى باغلاپ ، تۈرك خەلقىنىڭ يېغى دۈشمىنى بولغان خىتايلارغا تۇتۇپ بەرسىڭىز، بۇ نى ئىنسانچىلىق ، قېرىنداشلىق، مۇسۇلمانچىلىق كىتاۋىنىڭ قايسى بابىغا تەدبىقلاپ ، قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن ؟!

شەرقىي تۈركىستاندىن ئون نەچچە مىڭ كىلومىتىر يىراقتىكى ، بىزگە ھېچقانداق يېرى ئوخشىمايدىغان ئاۋىستىرالىيەدىكى مېھرىۋان خەلق، ئۆتكەن يىلى خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ كىلىپ پانالىق تىلىگەن ئىككى ئەر - ئايال ئۇيغۇرنى ، جۇڭنەنخەيدىكى سېرىق ئەجدەرھانىڭ غەزەپلىك چىقىراشلىرىغا پىسەن قىلماي، مەنپەئەتلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا قارىماي، ئىنسانلىق روھى بىلەن ئاۋىستىرالىيەنىڭ ئىللىق قوينىغا ئالدى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا تۇنجى قېتىم رېفوگى ( پانالىق ) ھوقوقىنى بەردى. باشقا بىرمۇنچە غەرب دۆلەتلىرىدىمۇ شۇنداق

قىلىۋاتىدۇ. ياقا يۇرتلاردا پانالىق تىلىگەن ئۇيغۇرلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن قوغلىنىۋاتىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاپاسىزلىق بارمۇ !؟

مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى كۆرۈۋاتقىنىمىزدا، بۇنىڭدىن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، ئىلى سۇلتانلىقى، قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئۇلى جۇزى ۋە چار پادىشاسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر ئېسىمىزغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى سۇلتانلىقى دۆلىتى پايانسىز ، مۇنبەت ئىلى ۋادىسىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ غەربى تەرىپىدە بولغان ئۇلى جۇزگە چار پادىشاسى بېسىپ كىرىپ ، دەھشەتلىك باسقۇنچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن ئىدى. ئۇلى جۇزنىڭ باشلىقى ئۆز تەۋەسىدىكى قازاق قېرىنداشلىرىمىزنى باشلاپ ئىلى سۇلتانلىقىغا كېلىپ سۇلتاندىن باشپانالىق تىلىگەن ئىدى. ئىلى سۇلتانى دۆلىتىنىڭ يېڭى قۇرۇلغانلىقىغا، ئاجىزلىقىغا، ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ تەھدىتىگە قارىماي، قازاق قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئاپەتنى ئۆزىنىڭ بىلىپ ، چار پادىشاسىنىڭ قازاقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققىدىكى تەھدىتىگە : « قازاقلار بىزنىڭ ھەم ئىرقى ھەم دىنى قېرىندىشىمىز، ئۇلارنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار، نىمە بولسا بولسۇن، ئۇلارنى چار پادىشاسىغا تاپشۇرمايمىز » دەپ كەسكىن جاۋاپ بەرگەن ئىدى. چار پادىشاسى بۇنى سەۋەپ قىلىپ ، ئىلى سۇلتانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىدى.

بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز تارىختىن بويان، باشقا تۈرك قېرىنداشلىرىغا ئەنە شۇنداق كەڭ قوساقلىق بىلەن ياردەم قىلىپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئۆتەپ كەلگەن. قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇسما كېتىپ قاش قالدۇ، سۇ كېتىپ تاش قالدۇ دېگەندەك ، ئىنشائاللاھ

بېشىمىزدا قۇتراپ ئويناۋاتقان بۇ قارا كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئازاتلىقنىڭ ئاجايىپ جىلۋىلىك يورۇق تاڭلىرى ، كۆپ جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل، قەھرىمان مىللىتىمىزنىمۇ تېز ئارىدا قۇچاقلىغۇسى!

كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ( خەلقارادىكى رەسمىي سانلار بويىچە 1 مىليون ) قوراللىق ئەسكىرى، 3.5 مىليوندىن ئارتۇق دېھقانچىلىق - ئىشلەپچىقىرىش نامىدىكى كورپۇسلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى قورشاپ كونترول قىلىپ تۇرۇشى، 10 مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەمدە بۇلارنىڭ سانىنى مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە 100 مىليونغا يەتكۈزۈش پىلانىنى قۇرۇشى شۇنىڭدەك ئاتوم پالىگونى، مۇداپىئە ئىنشائاتلىرىنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى كېڭەيتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئەتراپقا تەھدىت سېلىشى پەقەتلا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈنمۇ ؟

مىڭلارچە يىلدىن بېرى غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي ياۋروپانى سېرىق ئاپەتتىن قوغداپ، ئالدىنقى سەپتە قاراۋۇل بولۇپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستان بۈگۈن خىتاي جاللات قوشۇنلىرىنىڭ تۆمۈر تاپانلىرى ئاستىدا ئىڭراۋاتىدۇ. سېرىق ئاپەت ئاللىقاچان سەددى چىندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، غەربىي تۈركىستاننىڭ دەرۋازىسىنى يامان نىيەت بىلەن چېكىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «كالپۇك بولمىسا چىش توڭلايدۇ» دېگەن مەشھۇر ئاتالار سۆزى بار. غەربىي تۈركىستاننى قوغداپ كەلگەن «كالپۇك» كەتتى. ئەندى «چىش» توڭلايدۇ. بېيجىن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دېگەندەك سۈيقەستلىك شەرتنامىلەر بىلەن سىزلەرنى زەھەرلىك قىلتاققا چۈشۈرۈشنى ئويلاۋاتىدۇ. ئاز بولمىغان خىتايلار غەربىي تۈركىستاننىڭ يۇمشاق جايلىرىنى تېپىپ ، ھەتتا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ،

ئەشيان تۇتۇپ ئۇلتۇرۇپتۇ....

قېرىنداشلار ، ئۇيغۇر خەلقى مەيلى مەملىكەت ئىچىدە بولسۇن، مەيلى چەتئەللەردىكى مۇساپىرلىق - سەرگەندانلىق ھاياتىدا بولسۇن، خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ زۇلمىنى قان يېشىنى تۆكۈپ شىكايەت قىلىۋاتىمىز. بىز بىر تەرەپتىن ئۆزىمىز ئۈچۈن يىغلىساق ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتىلا سىزلەرنىڭ بېشىڭىزغا كىلىدىغان قارا كۈنلەر ئۈچۈنمۇ كۆز ياشلىرىمىزنى ئاققۇزماقتىمىز. بىز كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيىسىدىن ھەددى ھېساپسىز دەرت - ئەلەم كۆردۇق، بىز ئۇلارنى بەكمۇ ئوبدان بىلىمىز، بىز ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمىز، شۇڭا بىز سىزلەردىن بەكمۇ ئەنسىرەۋاتىمىز.....

بۇنىڭدىن 1266 يىل بۇرۇن ئورخون ئابىدىلىرىگە يېزىلغان ئەقىللىق بوۋىمىز گۆلتېكىننىڭ خىتايلار ھەققىدىكى قىممەتلىك ۋەسىيەتلىرىنى ئۇنۇتماڭ. ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىڭىزمۇ سىزلەرگە ئوخشاش ئىنسان ئىدۇق. بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن قارا قىسمەت سىزلەرنىڭ بېشىڭىزغا كەلمىسۇن. بىزنىڭ تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىمىز سىزلەر ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن. خىتايلارغا ھېچقاچان ئىشەنمەڭ! خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھېچقاچان تۈركلەرگە دوست بولغان ئەمەس! ئۇ تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئەشەددى تارىخى دۈشمىنىدۇر. سىزلەردىن ئىلتىماسىمىز، قېرىنداش تۈرك خەلقلىرى بىرلىشىڭ ! ئىتتىپاقلىق - ھەممە ئىشلىرىمىزنىڭ ئاچقۇچى ھەم كاپالىتى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەق - ئادالەتلىك داۋاسىغا ساھىپ چىقىڭ ، ئۇيغۇرلار سىزلەرنىڭ ئەڭ يېقىن قان قېرىندىشىڭلاردۇر.

ھۆكۈمىتىڭىزنى ، خىتاي بىلەن تۈزگەن شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت شەرتنامىلاردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ساتىدىغان

شەرتنامىلەرگە قارشى تۇرۇڭ. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇنداق شەرتنامىلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنى قەتئى رەت قىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خىتايلارنىڭ، دېگىنىدەك تاش دەۋرىدىن تارتىپلا خىتايلارنىڭ يېرى ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى مۇستەملىكە ئۆلكىدۇر. ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي ياۋروپانى قوغداپ كەلگەن جەڭگىۋار قورغاندۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى سىزلەرگە ۋە دۇنياغا تەھدىت ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە خاتىمە بېرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن مۇھىم كاپالەتتۇر، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا، خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھازىرقىدەك كۈچىيىپ، ئىمپېرىيالىستىك دۆلەت دەرىجىسىگە ئېرىشەلمەيتتى، ئاتوم قوراللىرىغىمۇ ئىگە بولالمايتتى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ھۆررىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇجادىلىسى دۇنيا خەلقلىرىنىڭ تىنچلىقىنى ۋە جانىجان مەنپەئەتلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا قارشى ئەمەس.

مەملىكەتلىرىڭىزدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ھەرجەھەتتىن ياردەمدە بولۇڭ، بۇ مۇقەددەس داۋانىڭ خەلقارالىشىشىغا ھەسسە قوشۇڭ، ئۇلار كىلەچەكتە قۇرۇلىدىغان خىتايغا قارشى سەپنىڭ ئاۋانگارتلىرىدۇر.

پۈتۈن تۈرك قېرىنداشلىرىمغا بولۇپمۇ تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن.

# خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە دېموكراتىك سايلام زۆرۈرىيىتى

مەھمەت كۆكيار

يېقىنقى يىللاردا، ئامېرىكا باشلىق غەرپتىكى ئىتتىپاقداش دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ماسكىسى ئاستىدا، بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇپ داۋام قىلىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىملىرى نەتىجىسىدە، خىتايدا يالغۇز 13 يىلدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھاتتىن باشقا ، سىياسىي بىر ئىسلاھات جەھەتتىمۇ ھەرىكەتلىنىش كۆرۈنۈشكە باشلىدى. غەرپ دېموكراتىك دۆلەتلىرى خىتايدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ خىل ھەرىكەتلىنىش قارشىسىدا، بىر تەرەپتىن قولىدا بار بولغان بارلىق كوزۇرلىرىنى قوللىنىپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئامبارگو ئارقىلىق خىتايىنى خەلقارا سەھنىدە يالغۇز قالدۇرۇش بىلەن ، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان دېموكراتپەرەست ئۆكتىچى ( كوممۇنىستىك تۈزۈمگە قارشى ) گورۇھلارنى قوللاش ئارقىلىق ، كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى شەكىللىنىۋاتقان بۇ كۈچلەر بىلەن ھەرخىل ۋاستىلاردا يەر ئاستى دىپلوماتىيە پائالىيىتىنى تىزلەشتۈردى.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان ۋە 1989 - يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا مەملىكەت مىقياسىدىكى كۆپچىلىك خەلقنىڭ ئاشكارا قوللىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە كۆرەشلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى 1979 - يىلى يولغا قويغان ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن كېيىن ، مەملىكەت ئىچىدىكى كۆپچىلىك خەلقنىڭ ئەركىن ئىرادىسىگە ۋە كىشىلىك

قىلىدىغان بىر دېموكراتىيە تاشقىنى بولۇپ، خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسى ئۈچۈن تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دەۋر بۆلگۈچ سىياسى ۋەقە ئىدى.

1990 ـ يىلىدىن ئۆتكەن يىل ئوتتۇرلىرىغا قەدەر سابىق سوۋيت ئىتتىپاقى بىلەن مەشغۇل بولغان ھەرپ دۆلەتلىرى 1993 ـ يىلى ئاۋىستىرىيەنىڭ ۋېنا شەھىرىدە ئېچىلغان « خەلقارا كىشىلىك ھوقوق قۇرۇلتىيىدىن ئىتتىۋارەن ، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقوق تاجاۋۇزچىلىقى مەسىلىسىنى ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان سىياسى ۋە تىجارەت مۇناسىۋىتىدىكى ئالدىنقى شەرت قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىغا قويىدى ۋە خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىشىشى ۋە كىشىلىك ھوقوق مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيەسىنى تەكرار دۇنيا كۆزنەرتۆۋىگە كىرگۈزدى. ۋېنا كىشىلىك ھوقوق قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان مۇھىم قارارلار ۋە قۇرۇلتاي باياناممىسى مۇنداقچە ئېيتقاندا، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتلىرىگە قارشى ئېلان قىلىنغان ئاشكارا بىر سىياسى ئۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا خىتاي باشچىلىقىدا، ۋېيتنام، شىمالى كورىيە، ھىندىستان قاتارلىق قورسىقىدا ئاغرىقى بار دۆلەتلەر بۇ باياناممىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن جان تالىشىپ باقتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ، ئۇلار خەلقارا سەھنىدە پەۋقۇلئاددە يالغۇز قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئامىرىكا ، پاكىستانغا يادرو قۇراللىرى ئۆسكۈنىلىرى ساتقانلىقى سەۋەبىدىن خىتايغا ئىقتىسادى ئامبارگو يولغا قويىدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، خەلقارا ئولىمپىك كومىتېتى 2000 ـ يىللىق خەلقارا ئولىمپىك يىغىنى ئېچىش ھوقۇقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقوق تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېرىشتىن ۋاز كېچىپ ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى يەنە بىر قېتىم قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى.

يوقىرىقىدەك مەسىلىلەر بىلەن باشلانغان بۇ خىل بېسىم ۋە ئامبارگو نەتىجىسىدە، خىتايدىكى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ، خەلقارا جامائەتنىڭ مۇھىم كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسىگە ئايلاندى. ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ياخشىلىشى بىلەن باغلاش، خىتاي ھۆكۈمىتىنى سىياسىي بېسىم ئاستىدا قالدۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېغىر مۇھىم كۈنتەرتىپ ماددىسىنى تەشكىل قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنى سىياسىي بىر تار بوغازغا قىستاپ كېلىۋەردى.

1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پارىژدا ئامېرىكا دۆلەت كاتىپى ۋاررېن كرىستوفېر بىلەن كۆرۈشكەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چيەن چىچېن ، ئامېرىكا تەرەپ ئارخىپلاشتۇرۇپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان ، خىتايدىكى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ھىمايىچىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۈرمىگە تاشلانغان 235 نەپەر سىياسىي مەھبۇسنىڭ كونكرېتنى ئەھۋالى ھەققىدە كرىستوفېرغا مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى ئەركىن قويۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆز بەردى.

دەل شۇ زامانلاردا، ئامېرىكا باشلىقى بىل كلىنتون ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ، كونا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكىنى بولمىسا، ئامېرىكىنىڭ خىتايغا يول قويغان تىجارەتتە ئىمتىياز بېرىش ۋە ئامېرىكا تاموژنىسىدىن كىرىۋاتقان خىتاي ماللىرىغا تۆۋەن تاموژنا بېجى قويۇش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يېتەرلىك بېسىملار قارشىسىدا ، چارىسىز قالغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى باش سېكرېتارى، ئەينى ۋاقىتتا خىتاي دۆلەت رەئىسى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەئىسى جاڭ زېمىن كەينىگە يانغان ھالدا: « خىتاي مەركىزى كومىتېتى، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىل كلىنتون ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە ئىجابىي جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ » دەپ باياناتىنى بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ( 1997 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلقارا گېزىتى خەۋىرى ) بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنى ئاقلاش ۋە سەممىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خەلقارا

قىزىل كىرىست جەمىيتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ، خىتايدىكى سىياسى تۇتقۇنلار مەسىلىسى ھەققىدە شىرەگە ئولتۇردى ۋە خەلقارا قىزىل كىرىست جەمىيتىنىڭ ئەزالىرىنى ، خىتايدىكى تۈرمىلەرنى زىيارەت قىلىش، مەھبۇسلارغا ئىسكەنجە قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن يېشىل چىراق ياقتى. خەلقارا جەمىيەتنىڭ يوقىرىقىدەك بىسىملىرىدىن ئىلھام ئالغان خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ دېموكراتىيە پەرەست ئۆكتىچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدە بۇرۇنقىدىن خېلى بەك دەرىجىدە جانلىنىش مەيدانىغا كەلدى.

خەلقارا گېزىتىنىڭ 1994 - يىل 31 - يانۋار ماقالىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 1 - ئايدا بېيجىڭدىكى بىر قىسىم دېموكراتىيەپەرەست كۈچلەر تەشكىللىنىپ « خىتايدا تىنچ ئۇسۇل بىلەن سىياسى ئۆزگىرىش قىلىش نىزامنامىسى » تۈزۈپ تارقاتتى. گەرچە تەشكىلات باشلىقى قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان باشقا ئەزالار بۇ تۈرلۈك كۆرەشلىرىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە قەسەم قىلىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى بارغانسىرى شىددەتلىنىۋاتقان خىتاي - ئەنگىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى شياڭگاڭ مەسىلىسى تىنچ يوللار بىلەن ھەل قىلىنغاندەك قىلسىمۇ، ئەنگىلىيە تەرەپ خىتايغا ئىزچىل ھالدا دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى توسالغۇنى ئوتتۇرىدىن قالدۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلماقتا. يوقىرىدىكىلەرنى خۇلاسىلىساق، غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىگە يۈرگۈزىۋاتقان سىياسى ۋە ئىقتىسادى بىسىملىرىنىڭ بىرلا سەۋەۋى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا بارغانسىرى تەشكىللىنىپ كۈچىيىۋاتقان ئۆكتىچى دېموكراتىيەپەرەستلەر بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنى شىرەگە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا مەملىكەت مىقياسىدا

دېموكراتىك بىر ئەركىن سايلامغا زورلاش ئارقىلىق ، خىتايدىكى كوممۇنىستىك سىستېمىنى ئاخىرلاشتۇرۇش. غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىگە تۈرلۈك شەكىلدە بېسىم ئىشلىتىپ خىتايدىكى ئۆزگىچى كۈچلەرنى ئاشكارا - يوشۇرۇن قوللاشتەك بۇ قوش بىسلىق سىياستى بۇ نۇقتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمىلىيەتتە ھەم خىتايدىكى بۇ دېموكراتىك كۈچلەر قانچىلىك تەرەققى قىلىشىدىن قەتئى نەزەر، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ خىتايدا ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك سىستېمىنى يەرلەشتۈرۈشى ئۈچۈن مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلقىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى دېموكراتىك بىر سايلام شەرت. شۇنداقكەن ھازىرچە بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز قىيىن بولغان ۋە ھەتتا ئىشىنىشىمىزمۇ خىلى تەس بولغان بۇ تەبىئى مۇقەررەرلىك ، خىتاينىڭ بۇندىن كېيىنكى سىياسى ھاياتىدا خېلى مۇھىم داۋالغۇشلار پەيدا قىلىش بىلەن بىللە ، دېموكراتىك بىر سايلامنىڭ شەرت - شارائىتلىرىنى ھازىرلايدۇ ۋە ئالدىمىزدىكى قىسقا مۇددەتتە بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئەمەلىلىشىش ئېھتىماللىقى خېلى بەك كۈچلۈك كۆرۈنىۋاتىدۇ.

ھازىر خىتاينىڭ جەنۇبى قىسىم تەرەققى قىلغان ئىكونومىك ئەركىن رايونلىرىدىكى بولۇپمۇ شياڭگاڭنىڭ تەسىرى بىرئاز كۈچلۈك بولغان بۆلگىلەردىكى بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقان دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك شامالىرى 1960 - يىللاردىن كېيىنكى نەسىللەرنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىش بىلەن بىللە بۇ شامال بارغانسىرى خىتاينىڭ شىمالى رايونلىرىغا قاراپ تەرەققى قىلماقتا ۋە كۈچەيمەكتە. كۈندىن - كۈنگە جانلىنىۋاتقان تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيە خەلقلىرىنىڭ ھەقلىق داۋالىرى ھەم خىتايدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ تەرەققىياتلارغا كۈچلۈك ئىجابى تەسىر پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

بىز بۇ يەردە، خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىشىشى ۋە ئەركىن سايلام مەسىلىسىنى تىلغا ئالدۇق. بۇ مەسىلە ئەمىلىيەتتە يالغۇز خىتايلار ئۈچۈنلا ئەمەس، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى ئۈچۈنمۇ ھەل بولمىسا بولمايدىغان نىگىزلىك مەسىلىلەردىن ئىبارەت. ئەگەر بىز توپۇلاڭسىز ۋە تىنچ يول بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ھەممىدىن بۇرۇن دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقوق قۇراللىرىغا باغلىنىشىمىز ۋە كوممۇنىستىك خىتاي ھۆكۈمىتىنىمۇ بۇ قۇراللارغا باغلىشىمىز كېرەك. خىتايدىكى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقوق توسالغۇسى ئورتىدىن قالمىغىچە، بىزنىڭ مۇجادىلىمىزنىڭ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىشى ناھايىتى تەس.

ئەلۋەتتە، خىتايدا پات ئارىدايۆز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان يوقارقىدەك تەرەققىيات ھارپىسىدا، ھەقلىق بىر داۋانىڭ ھىمايىچىسى بولغان ۋەتەن ئىچى ۋە تېشىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز، بۇ شارائىتتا ئۆزىمىزنى تەربىيەلىشىمىز، بارغانسىرى روشەنلىشىۋاتقان پارچىلىنىش، پىتنە - پاساتقا تايىنىپ داۋاغا يۈزلىنىش بەلگىلەشتەك ناچار ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ناھىيتى ئاجىز ماددى، مەنىۋى ۋە ئىقتىساس ئامىللىرىدىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز بۇ داۋانىڭ مەنپەئەتى ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم.

# شەرقى تۈركىستاندا دىنى ئېتىقاد ۋە ئىسلام

—— « شەرقى تۈركىستان ئىسلام تارىخى » دىن تىزىستلار ——

دوچانت - ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر

شەرقى تۈركىستاندا ياشىغان خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ، ھەرخىل تۇتېملارغا، شامان ، زەردۇشت (ئاتەشپەرەست )، مانى ، خىرىستىيان ، بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئەسىرلەر داۋاملىشىپ خەلقنىڭ ئۆرف - ئادەتلىرىگە قەدەر سىڭىپ كەتكەن بەزى دىنى قائىدە ياكى ئادەتلەر بۈگۈنكى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئەجداتلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى چوقۇنۇشى « ئالەم - توپراق، سۇ ، ھاۋا ، ئوتتىن ئىبارەت تۆرت ئاناسىردىن تەركىپ تاپقان » لىقتەك رېئاللىق ئاساسدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاغنىڭ « تەڭرى تاغى » دەپ ئاتىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ، ئاسمانغا، كۈنگە ، ئايغا ، دېڭىزغا ، ئوتقا چوقۇنۇشلار ئەنە شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان. ئەجداتلىرىمىز ئۇندىن باشقا ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردە كۆك بۆرە، بۇغرا، يولۋاس، شىر، ئارقار، تاغ تېكىسى، قارچىغا، شۇڭقارلارنى تۇتېم قىلغان. شەرقى تۈركىستاندىن تېپىلغان 3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر ساقال تاغىقىنىڭ سېپىغا ئويۇلغان كۆك بۆرىنىڭ سۆرىتى بىزگە كۆك بۆرە تۇتېمىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

تۆۋەندە « شەرقى تۈركىستان ئىسلام تارىخى » ناملىق كىتاۋىمىنىڭ قىسقىچە تىزىستىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكرىگە سۇنىمەن :

# 1 . ئۇيغۇرلاردا قەدىمقى دىنلار

زەردۇشت ( ئاتەشپەرەستلىك ) دىنى :

ئەجداتلىرىمىز قەدىمقى زامانلاردا زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئوتقا چوقۇنغان ئىدى. قورقۇنچلۇق تەبىئەت ھادىسىلىرى ـ چاقماق چېقىنلىرى، يانارتاغ لاۋالىرى ، ئورماندىكى ئوت ئاپەتلىرى قاتارلىقلار شۇنىڭدەك يىمەكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىش ئادەتلىرى بىرلىشىپ ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتتىن مەدەت تىلەش ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، توي قىلغان قىزنى ئوت گۈلخانىدىن ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ئادەتلەر ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىن قالغان .

شامان دىنى :

ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. « كۆن تەڭرى » ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇداسى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇرۇشقا ماڭغاندا ئاق بوز ئاتنى قوشۇننىڭ ئالدىدا يېتىلەپ ماڭاتتى. بوز ئاتقا زەر ئالتۇندىن جىيەك تۇتۇلغان قىزىل دىرخاۋا يوپۇق ئارتىلاتتى. بۇ ئاتقا جەڭ تەڭرىسى سولدى مىنىپ ماڭاتتى. شامان ئەقىدىسىگە كۆرە، پۈتۈن ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تەڭرى ئاسماننىڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى تۆت قات ئالتۇن تاغنىڭ ئۈستىدىكى كۈمۈش سارايىدا تۇراتتى. يازما ماتېرىياللاردا شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى داۋامى 2000 يىلدەك داۋاملاشقانلىقى قەيت قىلىنغان. ئىسرىق سېلىش، پېرىخونلۇق، داخانلىق، بوۋاقنىڭ بېشىغا پىچاق قويۇش قاتارلىق ئادەتلەر شامان دىنى ئېتىقادىدىن قالغان.

مانى دىنى :

مىلادى 762 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانى بوگۇقاغان ئۆزگىلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇپ

قايتقاندا، لوياڭ شەھرىدىن تۆت نەپەر مانى راھىبىنى بىللە ئېلىپ قايتقان ئىدى ھەمدە شامان دىنىنى تەرك ئېتىپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار بولسا 4 - ئەسىردىلا مانى دىنىغا كۆچكەن ئىدى. 5 - ئەسىرنىڭ مەھسۇلى بولغان «مۇقەددەس قەبرە»ناملىق قەسىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېزىلغان. مانى دىنى «ياخشىلىق - يامانلىق»، «يورۇغلۇق - قاراڭغۇلۇق»، «جەننەت - دوزاق» نى تەشۋىق قىلاتتى. ئوبۇلقاسىم ئەبەيدۇللا 846 - يىلى يازغان «كىتاپ ئەل مىسالىك ۋە ئەل مەمالىك» ناملىق كىتاۋىدا: «ئۇيغۇر قاغانى تۇرىدىغان شەھەرنىڭ خەلقى تۆركتۇر. ئوتقا چوقۇنىدىغان مەجۇسىلەر، زىندىك (مانى) لار بار. قاغان 12 دەرۋازىلىق چوڭ شەھەردە تۇرىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، كۈن، ئاي، يولتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى مۇقەددەس بىلىش ئادىتى مانى دىنىدىن قالغان. خىتاي تارىخنامىلىرىدە «... ھۇن تەڭرىقۇتى ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى چىققان قۇياشقا، كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ. ئايغا چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

خىرىستىيان - نىستورىيان دىنى:

مىلادى 1 - ئەسىردە پەلەستىندە دۇنياغا كەلگەن خىرىستىيان دىنى داۋاملىق شەرققە تەسىر كۆرسەتكەن. 334 - يىلى خۇراساندىكى مەرۋە، تۇس دېگەن جايلاردا چىركاۋلار بارلىقى خاتىرىلەنگەن. 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەرقى رىم پادىشاسى مائۇرىك بىلەن پارس پادىشاسى خىسراۋ بىرلىشىپ قاراشەھەر يۇلتۇزدىكى ئۇيغۇر قاغانى بەھرام بىلەن سوقۇشقاندا ئەسىر ئېلىپ كونستانتىنوپولغا ئېلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ پېشانىسىدىكى كىرىست بەلگىسگە قاراپ ھەيران قالغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى رىم تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن. ستەيىن، لىكوكلار مىرەن، خوتەن، باي، تۇرپانلاردىن خىرىستىيان دىنىنىڭ چوڭ

مەزھەپلىرىدىن بىرى بولغان نېستورىيان دىنىغا ئائىت رەسىملەر، فىراگمېتلەر، ئىنجىل پارچىلىرى، ئىزوپ مەسەللىرى، كىرىست قەبرە تاشلىرىنى تاپقان. خىتايلارنىڭ شىئەن شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان «ماچىن نېستورىيان دىنىنىڭ خىتايغا تارقىلىپ كىرىش خاتىرە تېشى» دا ماچىنلىق ئالوبىن (خوتەنلىك ئۇيغۇر) دىگەن كىشىنىڭ 635 ـ يىلى خىتايغا نېستورىيان دىنىنى تارقاتقانلىقى خاتىرلەنگەن. 1246 ـ يىلى مۇڭغۇل ئوردىسىغا كەلگەن ئىتالىيەلىك كاتولىك دىنى ئەلچىسى: «... ئۇيغۇرلار خىرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. ماركوپولو قەشقەر، يەركەن لەردە نېستورىيان مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىگىنى خاتىرىلىگەن. 1278 ـ يىلى بېيجىڭدىن مۇقەددەس جاي يېروسالىمغا بارغان ئۇيغۇر بارسائۇما بىلەن ماركوس پەلەستىنگە بارىدىغان يول خېتى ئېلىپ دىنى داھى بىلەن كۆرۈشكەن. 1280 ـ يىلى ماركوس خىتاي دۆلىتىگە نېستورىيان ئارخ بىشوپى (باش ۋەكىلى)، بارسا ئۇما چارلاپ يۈرگۈچى باش تەپتىش ۋېزىتۇر گېنېرال قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1281 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماركوس ئىسمىلىك بۇ ئۇيغۇر ياش ماناخ نېستورىئان دىنىنىڭ دۇنياۋى داھىسى سايلىنىپ 36 يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1287 ـ يىلى ياۋرۇپا تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىگەن بارسائۇما پۈتۈن ياۋرۇپا باش ئەلچىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ، 1288 ـ يىلى رىمغا بېرىپ پاپا بولۇپ سايلانغان. ئىتالىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە پادىشاھلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ ھەقتە سۈرىيەدە تەزكىرە، ئامېرىكادا مەخسۇس كىتاپ، روسىيەدە تەتقىقات كىتاۋى نەشر قىلىنغان. چاغاتاي دەۋرىدە ئالمالىقتا نېستورىيان دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان.

بوددا دىنى:

غەربى ئۇيغۇرلار مىلادى 1 ـ ئەسىردىن باشلاپلا بوددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. 4 ـ ئەسىرلەردە بوددا دىنى ئومۇمىلىشىپ، خىتايلارغا تارقىتىلىشقا باشلىغان. خوتەن،

كۆچار، تۇرپانلار بوددا دىنىنىڭ دۇنياۋى مەركەزلىرىگە ئايلانغان. بۇددىزىم نوملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بوددا دىنىنىڭ ماخيانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلاردىن كومىراجىۋادەك راھىپ ئالىملار نوملارنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىپ خىتايلارغا تارقاتقان. بوددا دىنى بىلەن مانى دىنى ئۆزئۇنىڭچە تەڭ ياكى ئارىلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بەزى قاراش - ئەھكاملىرى سىڭىشىپ كەتكەن. تۇپراق، تاغ، سۇ، بۆرە، شۇڭقار، ئات، بۇغرا، ئارسلانلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىلىرى، ياغ پۈرۈتۈش، روھلارغا داسقان سىلىش، جادۇگەرلىك، قەسىدىچىلىك، قان قىلىش، كىسەل كۆچۈرۈش، ئاچلاش، ئوت كۆچۈرۈش، چاچراتقۇ سىلىش، پىرىخونلۇق، كەتمەن بېسىش، پالچىلىق، چۆشكە تەبىر بېرىش قاتارلىق خۇراپىي ئادەتلەر ئەنە شۇ قەدىمى دىنلاردىن ھازىرقى دەۋرىمىزگە قەدەر داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان ئادەتلەردۇر. ئۇيغۇرلار 10 - ئەسرلەردە بوددا دىنىدىن ئايرىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 15 - ئەسرلەرگە قەدەر داۋاملاشقان. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنى تۆھپىلەرنى ياراتقان.

## 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى

ساتۇق بۇغراخان :

مىلادى 914 - يىلى سامانىلار پادىشالىغىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانى خانلىق تەختىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن. ئوغۇلچاق قاغان ئۇنى قارشى ئېلىپ ئارتۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ كۈنلەردە ئارتۇشتىكى تاققا ئوۋغا چىققان شاھزادە ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغان. ئۇندىن ئىلگىرىلا قەشقەردىكى بىرقىسىم خەلق يوشۇرۇنچە مۇسۇلغان بولغان ئىدى. 920 - يىلى ساتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقنى يېڭىپ شاھلىق تەختىگە چىققان ۋە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى

دەپ ئېلان قىلغان. ساتۇق بۇغراخان شاھ يارلىقى بىلەن ھەمدە قانلىق جەڭلەر بىلەن ئەتراپىدىكى بۇددىست ۋە شامان ئۇيغۇرلىرىنى ( يەتتىسۇدىكى ) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى. مىلادى 921 - يىلى سامانىلارنىڭ خوراساندا كۆتۈرۈلگەن شىئەلەرنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشىغا ئەسكەر تارتىپ قاتناشقان ساتۇق بۇغراخان 943 - يىلى ئۇرۇش بىلەن بالاساغۇننى فەتھ قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئالىملىرى قەشقەر بىلەن بالاساغۇنغا توپلىنىشقا باشلىدى. خوتەن، كۇچار ۋە تۇرپاندىكى بۇددىست قېرىنداشلىرىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا ساتۇق بۇغراخان نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنى قىلدى. ئاخىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆز تەۋەسىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، قەشقەرگە بويسۇنۇش شەرتى بىلەن ئۇرۇش ئاياقلاشقان.

ساتۇق بۇغراخان ئۇيغۇرلار تارىخىدا غازات قىلىپ ئىسلام ئىچىپ ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان قىلىشتا غايەت زور رول ئوينىدى. ئۇنىڭ نامى قۇتبىدا ئوقۇلغان. ئۇنىڭ نامىغا باستۇرۇلغان پۇلدا « قاراخان ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم » دەپ يېزىلغان. مىلادى 956 - يىلى ۋاپات بولغان ساتۇق بۇغراخاننىڭ جەسدى ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ يېنىغا - قەشقەر ئارتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازارىغا دەفنە قىلىنغان.

بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشلار :

مىلادى 958 - يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش ئۆلۈپ، ئورنىغا كىچىك ئوغلى توڭگا ئىلىگ (سۇلايمان ئارسلانخان ) قاغان بولدى. ئۇ 960 - يىلى قوشۇن تارتىپ يەتتە سۇ ۋە تارىم بۇيىدىكى 200 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى مۇسۇلمان قىلدى. شۇ يىلى ئىسيان قىلغان خوتەن قاغانىنىڭ ئىسيانىنى باستۇردى. ئىسيانلار ئۈزلۈكسىز داۋام ئەتتى. ئۇرۇشلار 975 - يىلدىن 998 - يىلىغا قەدەر 20 يىل داۋاملاشتى.

توڭگا ئىلىگ قاغان 965 - يىلدىلا ئىلى بويلىرىدىكى غۇلجىغا ئالپ تىكىن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى ئەۋەتىپ بۇددىست ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ

مۇسۇلمان قىلغان ئىدى.

مىلادى 970 ـ يىلى توڭگا ئىلىگ قاغان ئالىپ تېكىننى ئىدىقۇت قاغانى زېمىنىگە ئاتلاندۇرۇپ، ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئاخىرىدا قاراخوجىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان تېكىن بەشبالىققا چېكىندى. بەشبالىققا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ئالىپ تېكىن ھەل قىلغۇچ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلدى، قوشۇنى تار- مار بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان تېكىن تاكى قاراشەھەرگە قەدەر بولغان زېمىنلەرنى قايتۇرۇپ ئالدى.

مىلادى 970 ـ يىلى توڭگا ئىلىگ ( سۇلايمان ئارسلانخان ) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بايتاشنىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان قاغان بولدى. توڭگائىلىگنىڭ ئوغلى ھارۇن، ئەلى ئارسلانغا ياردەمچى بولۇپ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى ۋە باشقا بويسۇنمىغان ئۇيغۇرلارنى تەسلىم قىلىپ قاراخانىلارنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈردى. ھارۇن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مىلادى 990 ـ يىلى سامانىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئىسفىجاپنى تارتىۋالدى، ئارقىدىنلا 992 ـ يىلى يەتتە سۇدىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ سامانىلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى ۋە بۇخارانى ئالدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ھارۇن بۇغراخان كېسەل بىلەن ئۆلدى. جەسدى قەشقەر بەشكېرەم قاراساقال كەنتىگە دەپنە قىلىندى ۋە قىلىچ بۇغراخان مازارى دەپ ئاتالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سامانىلار ھۇجۇم قىلىپ بۇخارانى يەنە تارتىۋالدى.

ئەلى ئارسلانخان 998 ـ يىلى خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە شېھىد بولدى ۋە يېكسار بىلەن يېڭىشەھەر ئارىسىدىكى « ئوردام » دىگەن يەرگە دەپنە قىلىندى. يېڭىشەھەرنىڭ تاربوغۇز كەنتىدىكى مازارىغا بولسا ئۇنىڭ بېشى دەپنە قىلىنغان.

يېڭىدىن قاغان بولغان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئەھمەت توغانخان 999 ـيىلى يۈسۈف قادىرخان باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى خوتەنگە ماڭغۇزدى.

1000 ـ يىلى پۈتۈن خوتەن ئەھلى مۇسۇلمان بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان خوتەنگە خان بولدى.

996 ـ يىلى ناسىر ئىلىكخان سامانىلارغا يەنە ھۇجۇم قىلدى، بۇ چاغدا سۇبۇق تېكىن يۈز ئۆرۈپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ سامانىلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە سامانىلار زېمىنىنى بۆلۈشۈش ھەققىدە ناسىر ئىلىكخان بىلەن بىتىم تۈزدى. ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسىدىن بولغان سوبۇق تېكىنىنىڭ ئوغلى مەھمۇت غەزنەۋى 1000 ـ يىلى قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن غەزنەۋىلەر دۆلىتى ئارىسىدىكى چېگرىنى ئامۇ دەرياسى قىلىپ بەلگىلىدى. مەھمۇت غەزنەۋى قاراخانىلار مەلىكىسى بىلەن ئۆيلەندى. ئۇ شۇ يىلى ھازىرلىق قىلىپ تۈگمەس ئۇرۇشلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى، 1001 ـ يىلى 300 پىلى بار ، 42 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ھىندىلارنى يېڭىپ پەنجاپ ئۆلكىسىنى پەتىھ قىلدى. 1002 ـ يىلى سىيستاننى بېسىۋالدى. 10 ـ قېتىملىق يۈرۈشىدە گانگ ۋادىسىنى ئالدى ، 13 ـ قېتىملىق يۈرۈشىدە 150 مىڭ كىشىلىك ھىندى قوشۇنىنى تار- مار كەلتۈردى. 16 ـ قېتىملىق يۈرۈشىدە گوجارات رايونىنى ئىگەللىدى. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىلا 20 مىليون كۈمۈش پۇل، 57 مىڭ چىرايلىق قىز ۋە 350 پىل ئولجا ئالدى. 1015 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 100 مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادىگە، پىلى 500 گە يەتكەن.

1017 ـ يىلى 100 مىڭ كىشىلىك قىتان بۇددىستلىرى قاراخانىلار زېمىنىگە بېسىپ كىرىپ ئالتاي، ئىلى رايونىنى ئاياق ـ ئاستى قىلدى. قاراخانىلار قاغانى ئەھمەت توغانخان بالاساغۇندىن ھۇجۇم قىلىپ قىتان ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ 10 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى.

1026 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان قايتا ئىسيان كۆتەرگەن خوتەن ۋە ئىدىقۇت قاغانلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى تىنجىتتى.

1041 ـ يىلى ئېرتىش، بالقاش بويلىرىدىكى ياباقۇلار ، باسمىللار ، چۇمۇللەر ۋە يەمەكلەر ئىسيان كۆتەرگەندە سۇلايمان ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ

كىشىلىك قاراخانىلار قوشۇنى 700 مىڭ قوشۇنى بار ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ بويسۇندۇردى ھەمدە شامان دىنىدىكى خەلقلەرنى مۇسۇلمان قىلدى.

1134 - يىلى قىتانلار بالاساغۇننى بېسىۋالدى.

1136 - يىلى قىتانلار قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى.

1138 - يىلى غەربىي قاراخانىلار قاغانى مەھمۇتخان 2 ، غوجەنتتە قىتان خانى گۇرخان بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. 1141 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى كاتۋان ئۇرۇشىدا قاراخانىلار ۋە سەلجۇقلار قوشۇنىدىن 30 مىڭ ئەسكەر ئۆلۈپ، دۆلەت قىتانلارغا قارام بولدى.

1209 - يىلى ئىدىقۇت پادىشاھى بائۇرچۇق ئارت تېكىن قىتانلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتتى.

1212 - يىلى نايمان خانى كۈچلۈكخان قەشقەرنى بېسىۋالدى ۋە شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلدى. قىتانلار ھاكىمىيىتى نايمان خانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىسلامىيەتنىڭ ئورنىغا چىققان خىرىستىيانلار يالغۇز خوتەندىلا 3 مىڭ ئىسلام ئۆلىماسىنى ئۆلتۈردى.

1218 - يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئىسسىقكۆل بويىدىكى ئۇرۇشتا نايمان خانىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ دەۋرلەردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى مۇسۇلمانلار بىر - بىرى بىلەن ئىچكى زىددىيەت تۈپەيلى ئۇرۇشۇپ، ئاخىرىدا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى يانلارغا تارتقۇزۇپ قويدى.

پۈتۈن تۈركىستاندا ئىسلامىيەتنى كەڭ تارقاتقان قاراخانىلار ئۇيغۇر دۆلىتى شۇنىڭ بىلەن زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئەمما چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچكى مۇستەقىللىقنى ۋە ئىسلام دىنىنى قوغداپ قالدى.

1275 - يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى قوجىغار تېكىن ، موڭغۇل قايدۇخاننىڭ 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى ئىدىقۇت شەھرىنى 6 ئاي قوغداپ ، ئاخىرىدا

ئۆزىگە ياتلىق قىلىنغان موڭغۇل قىزىنى قايتۇرۇپ بېرىپ شەھەرنى قوغداپ قالدى. شۇنىڭدەك 1335 ـ يىلىغىچە موڭغۇللارغا بېقىندى بولۇپ، يېرىم مۇستەقىل ھالدا ياشىدى. شۇ يىلى چاغاتاينىڭ مۇسۇلمان خانى تارماشىرىن تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىپ چاغاتاي زېمىنلىرىغا قوشۇلىندى. ئەمما ئاللىقاچان دېھقانچىلىق، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ تىجارەتكە قەدەم قويغان ئۇيغۇرلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە موڭغۇللارنى ئۇيغۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، مۇسۇلمانلاشتۇردى. شۇڭا چاغاتاي ئەۋلاتلىرى 1266 ـ يىلى مۇبارەك شاھ دەۋرىدىلا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. 1309 ـ يىلى ئىسەن بۇقا دەۋرىدە چاغاتاي ئۇيغۇر دۆلىتى رەسمى قۇرۇلدى.

1326 ـ يىلى چاغاتاي خانى تارماشىرىن خۇراسان رايونىدىكى موڭغۇللارغا يۈرۈش قىلىپ ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلدى. 1329 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىگە قەدەر فەتھ قىلدى.

1353 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلامنى دۆلەت دىنى ئېلان قىلدى. ئۇ 160 مىڭ موڭغۇلنى مۇسۇلمان قىلدى. 1393 ـ يىلى خىزىر خوجا تۇرپانغا، قاراخوجىغا، 1397 ـ يىلى قومۇلغا فەتھ قىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقنى مۇسۇلمان قىلدى. بىر قىسىم بۇددىستلارنىڭ بۇدقا چوقۇنىشىغا روخسەت قىلدى.

شەرقى تۈركىستاندا تەسەۋۋۇپچىلىق :

1514 ـ يىلى ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن تۈركىستان زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلارنى سۇلتان سەئىدخان بىرلىككە كەلتۈرۈپ سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇردى. سەئىدىيە قاغانى ئابدۇرىشتخان 1536 ـ يىلىدىن 1538 ـ يىلىغا قەدەر تۇرپان ۋە يەتتە سۇ ھۆكۈمدارلىرى مەنسۇرخان ۋە توغومنى مەغلۇپ قىلىپ ، 1545 ـ يىلى ھەقنەزەرخاننىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ بىرپۈتۈن تۈركىستاندا ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتتى. ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە نەخشبەندىيە مەزھىپىنىڭ قارا تەكىيە سۇلۇكىگە ئاساس سالغۇچى ئىسھاق خوجا سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە، يەكەنگە كەلدى ۋە قاغان ئوردىسىدىن باشلاپ مەزھىپگە

مۇرىت توپلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقى تۈركىستاندا تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشقا باشلىدى.

باشتىن - ئاياق ئېزچىل ھالدا سۇننى مەزھىپىدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن غەربى تۈركىستان ئارقىلىق ئىراندىن كەلگەن تەرىقەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا باشلانغان زىتلىق جەمىيەتتىكى ئاساسى كۆرەشكە ئايلاندى. ئۇنى ئازدەپ قارا تاقىيەلىك خوجىلار يەكەننى، ئاق تاقىيەلىك خوجىلار قەشقەرنى مەركەز قىلىپ دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى. بۇ كۆرەش ئاخىرىدا گۇللىنىۋاتقان ۋە بىرلىككە كەلگەن شەرقى تۈركىستان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىۋەتتى ۋە ئىچكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرىۋەتتى.

پۈرسەتتىن پايدىلانغان ئۆزبەك، قىرغىز قوشۇنلىرى 1590 - يىلى قەشقەر ۋە ئاقسۇغا زور كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ تار- مار قىلىندى. تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغان قالماقلار چېكىندۈرۈلدى.

1639 - يىللىرى پامىردىكى قىرغىزلار، ئىلىدىكى قازاقلار، ئاقسۇدىكى خان ئەۋلاتلىرى مۇستەقىللىق توپۇلاڭلىرى قىلغان بولسىمۇ ئابدۇللاخان ھەربى يۈرۈش قىلىپ ھەممىسىنى تىنجىتتى. 1645 - يىلى بىلۇجىستاننى ئىگەللەپ ھاكىمىيەتنى ئۆزىگە قاراتتى.

1660 - يىللىرى جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى خۇنتەيجىنىڭ ئوغلى زەڭگى ئىلى ۋادىسىنى ھەمدە تۇرپان، قۇمۇللارنى بېسىۋېلىپ سەئىدىيەنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىننى كىچىكلىتىپ قويدى. 1664 - يىلى چەرچەندىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلدى. يەنە شۇ يىلى بۇخارا بىلەن خىۋە ئارىسىدىكى - ئابلىزخان بىلەن ئوبۇلغازى باھادىرخان ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇن ئاھالىلار شەرقى تۈركىستاندىكى قەشقەر ، يەكەنلەرگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. بۇلار بىلەن نۇرغۇن خوجىلار «پەيغەمبەر ئەۋلادى » نىقاۋى بىلەن بىللە كەلدى. يەكەندە يەھيا خوجىنىڭ ، قەشقەردە ھىدايىتۇللاھ ( ئاپپاق ) خوجىنىڭ مۇرىتلىرى

كۆپىيىشكە، خوجىلارنىڭ ئىشانلىق تەرغىباتلىرى ھاكىمىيەت بېشىغا قەدەر كېڭىيىشكە باشلىدى.

1666 ـ يىلى ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى ـ قەشقەر ۋالىسى يولۋاسخاننى ھىدايىتۇللاھ ( ئاپپاق ) خوجا قۇترۇتۇپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى ۋە سەئىدىيە ھۆكۈمدارلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئاپپاق خوجا ئەڭ دەسلەپ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى ئۈچۈن قەشقەر ياغدۇدا ھەشەمەتلىك مازار ياسىتىپ «ھەزرىتى مازار » دەپ ئېلان قىلدى. شەرقى تۈركىستانغا كىلىپمۇ باقمىغان نۇرغۇن «ئەۋلىيا » ، كىشىلەرنىڭ نامىغا زىيارەتگاھ ـ گۈمبەزلەرنى ياساتتى. قەبىھ ۋاستىلار بىلەن خەلقنى تەسەۋۋۇپچىلىق قاراشلىرىغا زورلىدى. ئاخىرىدا پۈتۈن شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ھالدا بۇددىست جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاپىنىنى يالاپ ، 1680ـيىلى جۇڭغارلار قوشۇننى شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈستىگە باشلاپ كىلىپ ھۇجۇم قوزغاپ، 164 يىل ھۆكۈم سۈرگەن مۇسۇلمان دۆلەت ـ شەرقى تۈركىستان سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى يىقىتىپ تاشلاپ ، ئۆزى تەختكە چىقتى.

ئاپپاق خوجىنىڭ قەشقەردىكى لەنەتلىك قەبرە گۈمبىزى بۈگۈنگە قەدەر سېيىقەستچى، ساتقىن، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سازايى قىلىنماقتا.

## 3 . ئىسلامىيەتكە قارشى دۈشمەنلىكلەر

جۇڭغار بۇددىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى :

ساتقىن ئاپپاق خوجا شەرقى تۈركىستاننىڭ يېرىمىنى بېسىۋالغان جۇڭغارىيە ھاكىمىيىتىگە قالغان يېرىمىنىمۇ سوغات قىلىپ بېرىۋەتتى. جۇڭغارلارغا ھەر ئايدا

100 مىڭ تەڭگە، غالدانغا شەخسى 4 مىڭ تەڭگە پۇل بېرىش شەرتى بىلەن ئاپپاق خوجا قورچاق باشلىق بولۇۋالدى. چاروسىيە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەربى قوللىشىغا ئېرىشكەن غالدان جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غەربى تۈركىستانغا ۋە مەركىزى ئاسىياغا يۈرۈش قىلدى. 1697 - يىلى غالدان ئۆلگەندىن كېيىن سىۋاڭ ئاراپتان يەنە داۋاملىق پۈتۈن تۈركىستانغا قوشۇن تارتىپ قانلىق قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ئېلىپ باردى. 1757 - يىلى ختاي چىڭ سولالىسى پادىشاسى چيەنلۇڭ بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ شەرقى تۈركىستان زېمىنلىرىنى ئىگەللەپ ئېلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشلىدى.

مانجۇ - ختاي بۇددىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزى:

1758 - يىلى ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن ختاي گېنېرالى يارخاشەن كۇچارنى قورشىۋالغان بولسىمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ئارقىدىن بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇنغا جاۋخۇي تەيىنلەندى. بۇ ھاكاۋۇر گېنېرال ئاقسۇدا ئۆزىگە تەسلىم بولغانلارنى قوشۇپ ئالدىراپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. يەكەندىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە جاۋخۇينىڭ ئەسكەرلىرىنى ئالداپ پارچىلاپ تاشلاش تاكتىكىسى بىلەن تار- مار قىلدى. ئېتىغا ئوق تەككەن گېنېرال جاۋخۇي ئارانلا قېچىپ قۇتۇلدى. يەكەن قىسىملىرى جاۋخۇينىڭ قارارگاھىنى ئۈچ ئايغا قەدەر قورشىۋالدى. يىل ئاخىرىدا جاۋخۇيغا ياردەمگە كەلگەن گېنېرال نامجارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ تامامەن تار- مار قىلىندى. ئارقىدىن فۇدى باشچىلىقىدا يەنە ياردەمگە كەلگەن نۇرغۇن ختاي ئەسكەرلىرى جاۋخۇينىڭ قارارگاھىغا يېتىپ كەلمەيلا ئۆزلىرى قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى. چىڭ سولالىسى بۇ ئېغىر ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئارقىدىن يەتە كچىلىكتە ھېساپسىز ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ كىلىپ ئۇرۇشقا كىردى. يەكەندىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى كېچە - كۈندۈز قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ يەكەننى جان

تىكىپ قوغدىدى. زەربىگە چىدىمىغان خىتاي ئەسكەرلىرى مۇھاسىرىنى ئۈچ يەردىن يېرىپ ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى.

1759 ـ يىلى پۈتۈن خىتاي ئەسكەرلىرى ئاقسۇغا توپلاندى. ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى 30 مىڭدىن، تۆگىلىك ئەسكەرلىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. قوماندانلىرى ئاقسۇغا قەدەر پۈتۈن تۈركىستان يۇرتلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ ، خەلقنى قىرغىن قىلىپ ، نۇرغۇن ئارقا سەپ تەمىناتىغا ۋە تۇتقۇن ئەسكەرگە ئېرىشكەن جاۋخۇي قىسىملىرى خوتەن ، قەشقەر ۋە يەكەنگە بىرلا ۋاقىتتا تەڭ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان خوجىلار زور ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. خوتەن ۋە قىرغىز رايونلىرى خىتايلارغا تەسلىم بولدى. شۇ سەۋەپتىن خىتاي ئەسكەرلىرى ناھايىتى زور چىقىم بېرىپ قەشقەر بىلەن يەكەننى ئالغان بولسىمۇ بۇرھانىدىن ۋە خان خوجىلار پامىرغا چېكىندى. ئۇ يەردە يەنە تىركىشىپ خىتايلارنى چوڭ چىقىمغا ئۇچراتتى. قات ـ قات قورشاۋدا قالغان خوجىلار قوشۇنى تەسلىم بولغانلارنىمۇ قىرىپ ئۆلتۈرىۋاتقان خىتايلارنى كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، قورشاۋنى يېرىپ بەدەخشان تەرەپكە چېكىنىپ كەتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئىچىدە قوماندىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرمۇ جەڭگە قاتناشتى.

ئەسلىدە خىتاي ھۆكۈمدارلىرى ئۇزۇن مۇددەت سۇيىقەستلىك پىلان تۈزۈپ خوجىلار بىلەن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۇيغۇلارنى ۋەيران قىلدى. قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق بولىشۇالغان خوجىلار ئەۋلاتلىرى بولسا خىتاي ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئەڭ قولاي شارائىتنى ھازىرلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ خىتاي چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى ۋە 200 مىڭدىن ئارتۇق كۆچمەنلىرى شەرقى تۈركىستانغا بېسىپ كىرىپ مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە قىرغىن قىلدى، مىچىتلەرنى چاقتى، موللىلارنى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇرلار شۇ كۈنلەردىن ئىتىبارەن خىتاي ئەسكەرلىرىنى باقىدىغان تېرىمچىلارغا ئايلىنىپ قالدى. مانجۇلار

1768 ـ يىلى 8000 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىپ ئىلى بوزيەرلىرىدە بۇغداي تېرىشقا يۆتكىدى. باج ـ سېلىق، ھاشار دەستىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى باش كۆتىرەلمەس قىلىۋەتتى. خىتايلار خەلقتىن يىغىۋالغان باج پۇللىرىغا خام ـ بوز، چەكمەن، پاختا، چارۋا مەھسولاتلىرىنى سېتىۋىلىپ، ئۇنى نەچچە ئون ھەسسە قىممەت باھادا يەنە خەلققە سېتىپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ مەركىزىگە توشۇدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئىسلامىيەتنى يوق قىلىش يولىدا پىلانلىق ھالدا ئىش ئېلىپ باردى.

1 ـ ئىسلامى ھاكىمىيەتنى يوق قىلىپ ھوقۇقنى ھەربى ھۆكۈمەتكە مەركەزلەشتۈردى.

2 ـ ئىسلامى سوت ـ قازىلىقنى بىكار قىلىپ، ھەربى سوت ئىچىپ ئۆزى باشقۇردى.

3 ـ ئۆشرە ـ زاكات ، سەدىقىلەرنى بىكار قىلىپ ئۆزلىرى باج يىغدى، ۋەقپى يەردىنمۇ باج ئالدى.

4 ـ ئەمەلدارلىق نەسەبنى بىكارقىلىپ، خوجىلارنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ ئىمتىيازىنى يوق قىلدى.

5 ـ ئەرەپ ـ ئۇيغۇر يېزىقىنى چەكلەپ، مانجۇ ـ خىتاي يېزىقىنى مەجبۇرى ھۆكۈمران قىلدى.

6 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەتلىرىنى چەكلەپ، مانجۇچە كىيىنىش، كۈكۈلا قويۇشقا زورلىدى.

200 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان مانجۇ ـ خىتاي ئىستىلاسى داۋامىدا شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۇيغۇرلار ئاللاھ قا بولغان ئېتىقادى ۋە ئىسلامىيەتكە بولغان ساداقىتىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. 1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپان دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1815 ـ يىلى قەشقەردە قاراتاغلىق زىياۋۇدۇن باشچىلىقىدا خەلق قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1820 ـ يىلى ئاق تاغلىقلاردىن جاھانگىر خوجا قوزغىلىپ قەشقەر ، يېڭىسار ، يەكەن، خوتەنلەرنى فەتھ قىلدى. 1826 ـ يىلى قىرغىز

قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى تايلاق خەلقىنى باشلاپ چىقىپ مانجۇ - خىتاي ئەسكەرلىرىنى قىرغىن قىلدى. 1830 - يىلى يۈسۈف خوجا باشچىلىقىدا خەلق قوزغالدى. 1912 - يىللىرى تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدا قومۇل دېھقانلىرى قوزغىلىپ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىپ تاشلىدى. 1930 - يىلى خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا شەرقى تۈركىستان خەلقى قوزغىلىپ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 1932 - يىلى مەھمەت ئىمىن بۇغرا ئەسكەرلىرى خوتەننى فەتىھ قىلدى. 1933- يىلى ساۋۇت داموللا قاتارلىقلار قوزغىلىپ قەشقەرنى فەتىھ قىلىپ « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نى قۇردى. 1944- يىلى ئىلى خان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار قۇراللىق قوزغىلاڭ بىلەن قانلىق ئۇرۇشلار قىلىپ « شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نى قۇردى.

1949 - يىلى 10 - ئايدا روس كوممۇنىستلىرى ئۆز جاسوسلىرىدىن پايدىلىنىپ شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربى ھوقوقىنى قولىغا كىرگۈزىۋىلىپ، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىمىزنى سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، شەرقى تۈركىستاننى « يالتا شەرتنامىسى » بويىچە خىتايلارغا تۇتۇپ بەردى. شۇندىن باشلاپ شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدىكى مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ ئىنسانىيەت كۆرمىگەن ئىسكەنجىگە دۇچ كەلمەكتە.

## 4 . خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دىنى دۈشمەنلىگى

خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش مەقسىدىدە ئەجداتلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، ئۇلاردىن نەچچە يۈز ھەسسە ھىلىگەرلىك ۋە غالجىرلىق بىلەن سىياسى ئاندامچىلىق ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقى

تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن دىنى سىياستى 5 باسقۇچتىن ئىبارەت:

1 . باسقۇچ : 50 ـ يىللاردا « مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش، زومىگەر بەگلەرنى باستۇرۇش » ئالدامچىلىقى بىلەن دىنى ئۆلىمالارنى، بىلىملىك زاتلارنى ئاشكارا قانلىق باستۇردى. مۇسۇلمان ئارمىيىسىنى پارچىلاپ، يۆتكەپ، قىسقارتىپ، قوماندانلىرىدىن ئايرىپ ئاستا ـ ئاستا يوق قىلىپ تاشلىدى.

2 . باسقۇچ : 60 ـ يىللاردا « ئاتىزىم تەربىيەسى » ـ دىنسىزلىق ھەرىكىتى قوزغاپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ناماز ئوقىغانلارنى كەمسىتىپ ، چەتكە قېقىپ، ناماز ئوقىمىغانلارنى كۆككە كۆتۈرۈپ ، بەش پەرزدىن ۋاز كەچكەن « مۇسۇلمانلار » نى كۆپەيتىشكە ئۇرۇندى. يالغان دىنى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ، دىنى پائالىيەتلەرنى كونترول قىلدى. دىنى زاتلار بىلەن خەلق ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلدى.

3 . باسقۇچ : 70 ـ يىللاردا ئاشكارا قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ باردى. مىچىتلەرنى چاقتى، تارتىۋالدى، چوشقا باقتى. ناماز ئوقىغانلارنى سازايى قىلدى. يوشۇرۇن دىنى تەشكىلاتلارنى باستۇردى. دىنى يىتەكچىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. قانۇنلىرىنىمۇ قايرىپ قويۇپ ئىسلامىيەتنى يوق قىلىشقا ئۇرۇندى.

4 . باسقۇچ : 80 ـ يىللاردا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش، مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە ئىقتىسادى ھۇجۇمنى كۈچەيتىش مەقسىدىدە، ساختا دىنى ئەركىنلىك سىياستى يۈرگۈزۈلدى. « دىنغا ئىشەنمەسلىكنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىگى » نىقابىدا يەنىلا تەشۋىقاتتا يالغان ئەركىنلىك شۇئارى ، ئەملىيەتتە قاتتىق چەكلەش تەدبىرى داۋام قىلدى. دىنى مەكتەپ ۋە زاتلارنى يۇشۇرۇن تەقىپ قىلدى.

5 . باسقۇچ : 90 ـ يىللاردا پۈتۈن دىنى ئورگانلار ، مىچىتلەر كونترول قىلىندى. مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش چەكلەندى. دىنى مەكتەپلەر تاقالدى. مىچىت ئىماملىرى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن بەلگىلەندى. يۇشۇرۇن دىنى تەشكىلات ئەزالىرى ھەتتا ئىسلامى بىلىم ئالغان تالىپلار قولغا ئېلىندى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. نارازىلىق بىلدۈرگەنلەر كوللىكتىپ تۇتقۇن قىلىندى، كوچىلاردا ئوققا

تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

## 5 ـ ئىسلامىيەتنىڭ شەرقتىكى پولات قورغىنى

شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان 11 ئەسىردىن بۇيان ئۈچ تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان روس، خىتاي، تىبەت كافىرلىرىنىڭ ھىساپسىز ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇپ ، بۇ ئىسلام ئۆلكىسىنى قوغداپ كەلدى ۋە ئىسلامىيەتنى ئەتراپقا تارقاتتى.

ئاللاھ قا بولغان ئېتىقادى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتى، ئىسلامىيەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى بىر مىنۇتمۇ يوقاتمىغان شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقتىكى پولات قورغىنىغا ئايلاندى. ئەسىرلەردىن بېرى مىليونلارچە شەھىد بېرىپ خىتاي ئىستىلاسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان تاجاۋۇزىنى جانپىدالىق بىلەن توسۇپ كەلدى. 200 قېتىمدىن ئارتۇق غازات ئۇرۇشى قىلىپ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئىسلامى شەرىپىنى قوغدىدى.

بۈگۈنكى كۈندە شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى كۆپ قىسمى ئاشكارا، بىر قىسمى يوشۇرۇن بەش ۋاقت ناماز ئوقۇيدۇ. بىرئاي روزا تۇتىدۇ. زاكات ۋە ھۆشرەلىرىنى ھۆكۈمەتتىن يوشۇرۇن ھالدا كىرەكلىك يېرىگە بېرىدۇ. پۈتۈن ئىمكانلىرى بىلەن ھەجگە بارىدۇ. رامىزان، قۇربان بايراملىرىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ. ھازىر پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندا 3000 مىڭغا يېقىن مىچىت ـ جامى بولۇپ ، كۆپ قىسمى خەلق تەرىپىدىن يېڭى سېلىنغان ياكى ھۆكۈمەتتىن تۈلۈتۈپ ئېلىنغان. شەرقى تۈركىستاندا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ناھىيە، شەھەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىسلام جەمىيەتلىرى ۋە ئىسلام ئىنىستىتودىكى ،

شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆپ قىسمى قانۇنى يوللار ئارقىلىق ئىسلامىيەتنى قوغدايدۇ ۋە ئېتىقادىنى يوشۇرۇن داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۈگۈنگىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھېچقانداق ماددى ياكى مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى 1990 - يىللاردىن كىيىن ئارقا - ئارقىدىن 3 قېتىم زور كۆلەملىك قوراللىق ئۇرۇش ئىلىپ بېرىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن شېھىد بەردى. ھازىر يەنە پەقەت ئاللاھ نىڭ مەدىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسلامى ۋىجدانىنى قوغداپ كەلمەكتە ۋە مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلەت قۇرۇش يولىدا كۈرەشمەكتە.

## ئىستانبولدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

تۈركىيە- زامان، ئاقىت، ئورتا شەرق، مىللىي، سالام گېزىتلىرى خەۋىرى:

8 - فېۋرال كۈنى ئىستانبۇلدىكى شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار سارىيەردىكى يىڭى ختاي كونسۇلى ئالدىدىكى نادىر نادى باغچىسنى، مەجىدىيە كۆيدىكى كونا ختاي كونسۇلى ئالدى ۋە شىشلىدىكى ئابىدەئى ھۆررىيەت مەيدانى قاتارلىق ئۈچ يەردە ئارقا - ئارقىدىن ، ۋاللىقنىڭ روخسەت بەرمىگەنلىگىگە قارىماي بايراقلىرىنى ۋە ئاي يولتۇزلۇق كۆك شارلارنى كۆتىرىپ ، شۇئار توۋلاپ مۇخبىرلارغا بايانات ئېلان قىلىپ ختاي باسقۇنچىلىرىنىڭ بۆلتۈر غۇلجىدا ئىلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقنى شكايەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ختاي كونسولىغا قىلغان كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمى سانسىز ساقچىلار تەرىپىدىن چېكىندۇرۇلدى.

# شەرقى تۈركىستان
# ۋە
# خىتاينىڭ مۇستەملىكە سىياستى

28 - فېۋرال كۈنى ئەنقەرەدىكى تۈرك تىلى قۇرۇمى سالونىدا تۈرك ئوجاقلىرى ئەنقەرە شۆبىسى ۋە شەرقى تۈركىستان ئوقۇغۇچى - ياشلار بىرلىگىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن « شەرقى تۈركىستان ۋە خىتاينىڭ مۇستەملىكە سىياستى » ماۋزۇسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

پىروفىسسور دوكتور تۇرسۇن يىلدىرىمنىڭ رىياسەتچىلىگىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا گېنىرال مەھمەت رىزا بەگىن ، تۈرك تىل قۇرۇمى باشلىقى پىروفىسسور دوكتور ئەخمەت بىجان ئەرجىلاسون قاتارلىقلار قاتناشتى ۋە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. دۆلەت مىنىستىرى ئەخەت ئەندىجان قاتارلىق بىر نەچچە مىنىستىر ئالدىراشلىق تۈپەيلى قاتنىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ھۆزۈر تىلگىرامىسى ئەۋەتتى. يىغىندا ھاجى تەپە ئۇنىۋېرستىتى پىروفىسسورى جىھات ئۆزئۆندەر ، ئادانا مىللەت ۋەكىلى ، پىروفىسسور دوكتور ئورھان قاۋۇنجۇ ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستىتى پىروفىسسورى ئەنىس ئۆكسۈز ، ھاجى تەپە ئۇنىۋېرستىتى دوكتورى ئەركىن ئەكرەم قاتارلىقلار دوكلات بەردى. مۇھاكىمە دوكلاتلىرىدا كۆپچىلىك بىردەك خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ سىياسي، ئىقتىسادى جەھەتلەردىن ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك زوراۋانلىقلىرىنى پاش قىلدى ۋە كۆچمەن كەلكۈنىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەن بالايى - ئاپەتلىرى شۇنىڭدەك كەلگۈسى تەھدىتلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختۇلۇپ كىلىپ دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ بۇخىل ئېقىن تالان - تاراجلارغا دىققەت قىلىشنى ئاگاھلاندۇردى.

# شەرقى تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيتى

## خەۋەرنامىسى نەشر قىلىندى

## نىمىشكە « ئازاتلىق » ؟ ( باشماقالا )

ئىنسانلارنىڭ قۇل قىلىنىشى، دۆلەتلەرنىڭ ئاسارەت ئاستىدا قىلىنىشى ئىمپىرىيالىست ئىدىيىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىنسانلا، ھۆر يەنى « ئازات » تۇغۇلدى ۋە ھۆر ياشاش ھەققى بار. بۇھەققىنىڭ تارتىۋ شى بولسا ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ۋەھشى ھەرىكەتتۇر. بىز « مىللە ا، گە ئىستىقلال، ئىنسانلارغا ھۆرىيەت » شۇئارى بىلەن « ئازاتلىق كۆرىشىمىز » نى شەرقى تۈركىستان ھۆر ۋە مۇستەقىل بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىدۇق. ھەر ئايدا چىقىدىغان خەۋەرنامىمىز نى « ئازاتلىق » دەپ ئاتىدۇق.

« ئازاتلىق » - دىدۇق، « ئازاتلىق » بىزنىڭ چۈشىمىز....

« ئازاتلىق » - بىزنىڭ ئارزۇيىمىز..... « ئازاتلىق » - بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھەققى....« ئازاتلىق » - قىزىل خىتاي ئىشغالىدىكى بىزنىڭ ئاخىرقى نىشانىمىز....

« ئازاتلىق » خەۋەرنامىسى بۇ مەقسەتتە نەشر قىلىندى. « ئازاتلىق يولىدا ماڭغانلار » نى قوللاش پۈتۈن ئىنسالارنىڭ مەسئولىيتىدۇر...

## ئىستانبۇلدا ئاياللارنىڭ ساداسى

شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيتى ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى، بىلەن 7 - مارت كۈنى « شەرقى تۈركىستاندىكى تۇغۇت چەكلىمىسى » نامىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ ، قىزىل خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈردى. ئىستانبۇل ئاكسىمدىكى تارىك زەفەر تونايا مەدەنىيەت مەركىزىدە ئىچىلغان يىغىندا خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋەكىلى ئۆزلەم دالكىران، پىروفىسسور دوكتور نەۋزات يالچىنتاش، قاتارلىق 5 نەپەر زىيالى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقىدى.




# خىتايدىكى تۈرك تامغىسى

تۈرك فولكلور جەمىيىتىنىڭ باشلىقى دوكتور ئىرفان ئۈنۋەر نەسردىن ئوغلۇ خىتاي مەركىزى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن شەرقى تۈركىستاندا، خىتاينىڭ بېيجىڭ شەھرى، گەنسۇ ئۆلكىسىدە زىيارەتتە بولۇپ، كۆرگەنلىرىنى چاتما خەۋەر شەكلىدە 3 ـ مارتتىن باشلاپ ئورتا شەرق گېزىتىنىڭ 12 ـ بېتىدە پۈتۈن بەت ئىلان قىلماقتا.

چاتما خەۋەرنىڭ « 6 ـ ئەسىردىن قالغان ھەيكەل » ناملىق بىرىنچى قىسمىدا تۈركلەرنىڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولغان دۈڭخۇاڭدىكى مىڭ ئۆي غارلىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان تۈرك پادىشاسىنىڭ ھەيكىلى تونۇشتۇرۇلغان. ھەيكەلنىڭ ئوڭ قولى ئىگىز كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بارماقلىرى كۆكبۆرى زەپەر ئىشارىتى شەكلىدە ئىچىلغان. ھەيكەلنىڭ بۇرۇتى ۋە بېشىدىكى تۈرك خاقان بۆركى ئۇنىڭ تۈركلىگىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. كۆكبۆرى زەپەر ئىشارىتى بۈگۈنكى تۈركىيەنىڭ مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئىشارىتى بىلەن ئوخشاش. «مەخمۇت قەشقىرىنىڭ يېزىسى ئازىق » ناملىق 2 ـ قىسمىدا قەشقەر شەھرى ۋە

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ قەۋرىسى تونۇشتۇرۇلغان. «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق 3 - قىسىمدا بولسا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇنىڭ بۈيۈك تۆھپىسى - «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرى ۋە ئىپارخان، ئاپپاق خوجالار تونۇشتۇرۇلغان. «ساتۇق بۇغراخان» ناملىق 4 - قىسىمدا بولسا قەشقەرتارىخى، ئىسلامىيەتنىڭ شەرقى تۈركىستانغا تارقىلىشى ۋە ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەۋرىسى بايان قىلىنغان.

دوكتور ئىرفان قەشقەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىدە شۇنداق دەيدۇ:

«قەشقەر گويا قاغىش كەتكەن شەھەرگە ئوخشاش! بىر زامانلار شىلدىر - شىلدىر سۇلار ئېقىپ تۇرغان، ياپ - يېشىل باغچىلاردا تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر مەي باغلىغان بۇ گۈزەل شەھەر، بۈگۈن قۇرغاقچىلىقتىن كۆيۈۋاتىدۇ! بۇ سەۋەپتىن قۇرغاق، توزاڭ - تۇمانلار ئارىلىشىپ كەتكەن يەر ھالىغا كېلىپ قاپتۇ. يەنە كېلىپ تاشلىۋېتىلگەن، ئەگەر سۆز توغرا بولسا ئىگىسىز! ئۇنداقتا ھۆكۈمرانلار، ئۈرۈمچىنىڭ چىھرىنى ئالماشتۇرغىدەك ئىلگىرىلەشلەرنى قىپتۇ، خوش، قەشقەر نىمىشقا، بۇنداق تاشلىۋېتىلدى؟ بۇنىڭغا قارىماي تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان دېھقانلار، بىر نەرسىلەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تىرىشماقتا».

دوكتور ئىرفان مەھمۇت قەشقىرىنىڭ قەۋرىسى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇر دوستلىرىمىز بۇ قەۋرە رېمونتىنى ماختاپ ھارمايدۇ. ئەمما ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مەقبەرىسى ئەسلا ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس. شۇڭلاشقا، تۈركىيەنىڭ باشچىلىقىدا، باشقا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ھەمكارلىشىپ مەھمۇت قەشقىرى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك بىر مەقبەرە ياسىشىمىز لازىم. چۈنكى مەھمۇت قەشقىرى، تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر بىلىم ئادىمى بولۇپلا قالماستىن، ھىلىمۇ شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى ئۈچۈن روھانىي بىر يېتەكچى رولىنى ئوينىماقتا. مەن ئۇيەردىكى ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ قەبرىسىنى توختىماي زىيارەت ئېتىپ دۇئالار ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ ھەتتا غەرىپ ساياھەتچىلىرىمىزمۇ قەبرىگاھقا باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا شاھىد بولدۇم».

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

مەھەممەد ئىمىن بۇغرا

---

## قۇتلۇق ۋە تۈركەش دۆلەتلىرى

### تۆتىنچى بۆلۈم

### 10 ـ پەسىل

(بېشى 53 ـ ساندا)

### شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ۋەقەلىرى

قاپاغان قاغان، 24 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاسىيادا كۆكتۈرك دۆلىتىنى يېڭىدىن تىرىلدۈردى. مىلادى 709 ـ يىلى كۈلتېگىن بۇخارا سوقۇشىدىن يارىدار بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاپاغان قاغان ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرتەرەپتىن چىن بىلەن ئۇرۇش باشلىغان ئىدى. يەنە بىرتەرەپتىن موغۇلىستاننىڭ غەربىدىكى توققۇز ئوغۇز ۋە مانجۇرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى قەبىلىسى خىتاي (قىتان) قەبىلىسى ئىسيان كۆتەرگەن ۋە قاغان بۇلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھىجرىنىڭ 86 ـ يىلى ھۇججاج خوراسانغا قوماندانىنى قۇتەيبەبىن مۇسلىمنى ۋالىي قىلدى. قاپاغان قاغان، ھىجرى 97 (مىلادى716 ـ) يىلى ۋاپات قىلىپ، ئورنىغا قۇتلۇق قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلگەخان قاغان بولدى. بىلگە قاغاننىڭ زامانىسىدا، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنىسى كۈلتېگىن تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. بىلگەخان . مىلادى 734 ـ يىلى ۋاپات قىلىپ ئورنىغا ئوغلى ئىجىن(ئىرەن) خان قاغان بولدى. ئىجىن خان مىلادى 739 ـ يىلى ۋاپات قىلىپ ئورنىغا قۇتلۇق بىلگەخان قاغان بولدى. بۇ قاغان مىلادى 742 دە ۋاپات بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدا چىن دۆلىتى كۈچلىنىپ شەرقتە نۇرغۇن جايلارنى

تارتىۋالدى. ئىچكى تەرەپتىن باسمىل ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. قۇتلۇق بىلگە قاغاندىن كېيىن، ئورنىغا ئۆزمىش تېگىن قاغان بولدى. بۇقاغاننىڭ زامانىسىدا چىنىنىڭ ھۇجۇملىرى ۋە ئىچكى ئىسيانلار كۆپىيىپ دۆلەت تازا ئاجىزلىدى. ھىجرىنىڭ 126 - (مىلادى 744-) يىلى ئۇيغۇر باسمىل ۋە قارلۇقلار بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ پايتەخت قاراقورۇم شەھرىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 65 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇتلۇق تۈرك دۆلىتى يىقىلدى.

تۈركەش دۆلىتى خانى ئۇجىژلا باغاتەرقاننىڭ. قۇتلۇق دۆلىتىنىڭ قاغانى قاپاغان قاغانىغا بويسۇنغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ ۋەزىيەت ئۇجىژلا باغاتەرقاننىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى سۇئوقو(ساقال)خان، تەختكە چىقتى. لېكىن، ئىنىسى چانۇخان بىلەن تەخت تالىشىپ، ئۇرۇش باشلاندى. ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، يۇرتتا ئېغىرھالدا تىنچسىزلىق ۋە ۋەيرانچىلىق يۈز بەردى. قاپاغان قاغان بۇ ئىككى ئاكا-ئوكانى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇجىژلاباغاتەرقان جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يىقىلدى. بۇلارنى «تۈركەش دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم قوۇرۇلۇشى» دېگەن بابتا تەپسىلى بايان قىلىمىز.

ھىجرىنىڭ 80 -(مىلادى699 -) يىلى قاپاغان قاغاننىڭ چىنلىقلارنى ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن يەرلىك خانلار قاپاغانقاغانغا تەۋە بولغان ۋە بۇ ۋەزىيەت ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم باشلىغان بولىسمۇ. مىلادىنىڭ 714 - يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان سۇلۇقاغاننىڭ غەيرىتى بىلەن چىنلىقلار مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. شۇ تارىختىن باشلاپ، تاكى مىلادى 739 - يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستان خانلىرى تۈركەش قاغاننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مۇستەقىل ياشدى.

# كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت ئەسەرلىرى

كۆكتۈرك دۆلىتى، ئاسىيانىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى خاندانى بولغان قۇتلۇق قاغانلىقى دەۋرىدىن، بۈگۈن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. «ئورخۇن ئابىدىلىرى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر قەدىمكى تۈرك كىتابەلىرىنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ، قەدىمكى تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا غايەت چوڭ بىر خىزمەت كۆرسەتكەن. (بۇنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن)

غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىگى سەۋەبى بىلەن ئومۇمىي تارىختا تېخىمۇچوڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دۆلەت يالغۇز چىن بىلەنلا ئەمەس بەلكى ئىران (ساسانى) دۆلىتى، روما (بىزانس) ئىمپېراتورلۇقى قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇ دۆلەتلەرگە، دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ئەۋەتكەن ۋە ئۇ دۆلەتلەرنىڭمۇ ئەلچىلىرى كۆكتۈرك ئوردىسىدا تۇرۇشلۇق ئىدى. كۆكتۈرك دۆلەتلىرى 6 - ئەسىر مىلادىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يالغۇز چىن ئىمپېراتورلۇقىنى دەھشەتكە سېلىپلا قالمىدى شۇنداقلا، ساسانى ۋە ئەمەلىيەتتە بىزانسىنىمۇ، تىترەتكەن قۇۋۋەتكە ئىگە ئىدى.

## ئىچكى سىياسەت

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، كۈچ قۇدرەت تاپقان كۆكتۈرك دۆلىتى، بىر ئەسىردەك بىر مۇددەت ئىچىدە ھىنگان تاغلىرىدىن ۋولگا دەرياسىغىچە ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن ھىندستان چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن تۈرك قەۋملىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ ئىدارە قىلدى. بۇ جايلاردىكى تىنچلىق ۋە

ئامانلىقنى ساقلاپ تەرتىپ - ئىنتىزام ئورناتتى. بۇ تىنچ ۋە پاراۋانلىق ۋە تەرتىپ ئىنتىزاملار نەتىجىسىدە، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر دىن چىن، ئىران، ھىندىستان ۋە رۇم قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۆز ئارا سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى جانلاندۇردى. بىر - بىرلىرى بىلەن سانائەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى خاتىرجەم ئېلىپ بېرىپ، بۇ جەھەتلەردە ئۆزئارا پايدىلىنىشقا ياخشى ئىمكانىيەتلەر تۇغۇلدى. ئىران ۋە رۇم (رىم) نىڭ مەدەنىي مەھسۇلاتلىرى بولغان. تىجارەت ماللىرىنى توشۇغان چوڭ - چوڭ كارۋانلار تۈرك يۇرتىنىڭ ئىچىدىن ئۈزۈلمەي بىخىرامان ئۆتۈپ تاكى چىن ۋە ياپونىيىگىچە بېرىپ - كېلىپ قاتناپ تۇردى. ۋە ئۇ يەرنىڭ ماللىرى غەرب دۇنياسى بازارلىرىغىچە يېتىپ باردى. بۇ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، يالغۇز سودا - سانائەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بىرقانچە ئىدىيىۋى ۋە دىنىي ئېتىقاتلار مۇ مىللەتلەر ئارىسىدا بىر - بىرلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. شۇ ئەسىردە، ئىراندا راۋاج تاپقان مانى دىنى ۋە ھىندىستاندىكى بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، تەرەققى قىلدى. بۇلار نىڭ ھەممىسىنىڭ بىر دىن - بىر ۋاستىسى، تۈرك يۇرتلىرىدىكى تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ مۇستەھكەم ئورنىتىلغانلىقى، جەمئىيەتتىكى تەرتىپ ئىنتىزامنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ساياھەت - تىجارەت ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى.

## دۆلەت تەشكىلاتى

كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تەشكىلاتى ھۇنلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرىغا ناھايىتى ئوخشايتتى. كۆكتۈرك دۆلىتى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، باشقا تۈرك دۆلەتلىرىگە ئوخشاش. خانلىقلار ۋە بەگلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ۋەچوڭ بىر رەئىسىنىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈلگەن. بىرلەشمە (كونفېدراتسىئون) دۆلەت تۈزۈمى بولۇپ، ھازىرقى دۆلەتلەردەك مەركىزىيەتچىلىك دۆلەت تۈزۈمى ئەمەستى. تۈرك خانلىرى ۋە بەگلىرىنىڭ كۆكتۈرك قاغانىغا تەۋەندىكى ئىشلاردا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى.

1 ـ يات دۆلەتلەربىللەن ئۇرۇش باشلانغاندا، ھەر بىرخان ۋە بەگ ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، قاغاننىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى.

2 ـ يۇرتنىڭ ئومۇمىي تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتتە قاغاننىڭ ئەمرى قەتئىي بولۇپ، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشلىرى لازىم ئىدى.

3 ـ خانلار ۋە بەگلەر قاغان خەزىنىسىگە ھەريىلى بەلگۈلەنگەن مىقداردىكى تارتىق (باج ـ سېلىق) نى ئۆز ۋاقتىدا يوللاپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

4 ـ قاغاننىڭ تەسدىقى بولماستىن يات ئەللەربىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى.

ئۇندىن باشقا پۈتۈن ئىچكى ئىشلىرىدا ھەر بىرخان ۋە بەگ ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى يەرلەردە مۇستەقىل ئىدى. قوشنا خانلىق ۋە بەگلىك بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ۋە ياكى سوقۇش قىلىشتا ئۆز ئىختىيارىغا باغلىق ئىدى. مەنسەپ ئەۋلاتقا(دادىسىدىن بالىسىغا) مىراس قالاتتى.

كۆكتۈرك دەۋرىدە، ئىلخان. يابغۇ، تېگىن. شاد (شات)، ئابىتشات. تەرخان (تارقان)، بۇيرۇق ۋە چۇر دېگەنگە ئوخشاش شەرەپ ئۇنۋانلىرى بارئىدى. قاغان جەمەتىگە مەنسۇپ شاھزادىلار«تېگىن». شات ۋە ياكى ئابىتشات دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى تاش پۈتۈكلەردە يېزىلغان مەزمۇنلارگە قارىغاندا: «تېگىن» مۇتلەق شاھزادە دېگەن بولىدۇ. تېگىنلەر دىن بىرەر ۋىلايەتكە ۋالىي يا قەبىلگە باشلىقى بولغانلىرى «شات»؛ بىر قانچە ۋىلايەتلەرگە ئومۇمىي ۋالىي ياكى بىر قانچە قەبىلگە باشلىق بولغانلىرى «ئابىتشات» ياكى «ئىدىتشات» دەپ ئاتالغان. «يابغۇ» بولسا، مەملىكەتنىڭ بىر بۆلۈمىنى ئىدارە قىلىدىغان قاغاننىڭ ئورۇنباسارى دەرىجىدىكى شاھزادىلارغا مەخسۇس بېرىلىدىغان ئۇنۋان ئىدى. دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى «بۇيرۇق» ۋە «بەگ» دېگەن مەنسەپلەرگە بۆلۈنگەنىدى. قاغان جەمەتىدىن بولمىغان ئامما؛ يۇرتتا يۈز ـ ئابرويى ۋە چوڭ ئىناۋىتى بولغان مەشھۇر زاتلار«ئىلخان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئىلخاندىن كېيىن كېلىدىغان

مەرتىۋەدىكى ئەمەلدارلار ئۈنۋانلار بولسا، تارقان، باغاتارخان(قان)، چور (قەبىلە بېگى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىدە، ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبات ۋە ھېسابات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئەمەلدار «تامغىچى» دەپ ئاتىلاتتى.

مانا يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ ناھايىتى چىڭ ئىنتىزاملىق بىر ئىدارى تەشكىلاتقا ئىگە ئىكەنلىكىنە كۆرۈۋالالايمىز.

## ئۆرپ ئادەت ۋە

## ئەخلاق

كۆكتۈركلەر ھازىرقى موغۇلىستان ۋە ئالتايدا ياشىغان. ئاھالىسىنىڭ بىرقىسمى كۆچمەن ھالدا چارۋامال بېقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرگەن. بۇلار تېرىدىن ياسالغان چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ، يايلاقتىن يايلاققا كۆچۈپ يۈرگەن. بىرقىسمى، شەھەر - كەنتلەردە ياشاپ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىق ۋە ئورمانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، يازدا يايلاققا چىقاتتى.

«كۆكتۈركلەر دەۋرىدە موغۇلىستان ۋە ئالتايدا شەھەر يوقتى» دېگەن رىۋايەتلەر يالغان. چۈنكى، ئورخۇن، سېلىنگا، ئونون، كىرولىن، ئىنقىرا(ئانگارا)، ياما (يېنسەي) ئىرتىش ۋە باشقا ئېقىن بويلىرىدا يۈزلەرچە چوڭ - كىچىك شەھەرلەر ۋە ئاۋات جايلار بار ئىدى. ھازىرقى زامانىمىزدا بۇلارنىڭ خارابىلىرى ئاشكارىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. شەھەرخەلقىنىڭ كۆپىنچىسى سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان، كارۋانچىلىق قىلىپ، ئۇزاقلارغا بېرىپ تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەستى. زىرائەت ۋە باغلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئېرىق ئۆستەڭ ۋە ئازما(توسما) قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇشلارنى ياسايدىغان ماھىر ئۇستالار مۇ كۆپ ئىدى. ئۇ چاغدا تۈركلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى چىنلىقلار نىڭكىگە بىر ئاز ئوخشاپ قالاتتى. ئامما چىنلىقلار ئەكسىچە، تۈركلەر، پەشلىرىنى ئوڭدىن سولغا قىلىپ يۆگەيتتى. چاچلىرىنى چۇشۇرمەي ئۇزۇن قويۇۋېتەتتى. ھەر كىشى ئاتقا مىنىشكە ۋە ئوقيا

ئېتىشقا ماھىر ئىدى. تۈركلەرنىڭ كەسكىن قىلىچلىرى. ھايۋان مۈڭگۈزىدىن ياسىغان ئوقيالىرى ۋە ئىسقايىتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ئوقلىرىنىڭ داڭقى ھەرتەرەپكە تارقالغان ئىدى.

ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەتباھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن زىرە- مونچاق قوللىناتتى. شاراب (ئىچىملىك) تە قىمىز ۋە ئارپا ئەرەقى (ھارىقى) ئىچەتتى.

كۆكتۈركلەر. جەڭگىۋار تەبىئەتلىك بولۇشى بىلەن تەڭ، ئىنسانىيەتچى ۋە رەھىمدىل ئىدى. شۇ چاغلاردىكى «ئاسۇر» ۋە «كىلدان» دېگەن مىللەتلەرنىڭ زەپەر ئابىدىلىرىدە يېزىلغان، خاتىرىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە يۈرگۈزگەن قەتلىئام، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە بۇزۇش - يىقىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى پەخىرلەنگەن ھالدا يېزىپ قالدۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن، تۈركلەرنىڭ زەپەر ئابىدىلىرىدە بۇنداق نەرسىلەر ھېچ ئۇچرىمايدۇ. ئۆزىنى تەڭدىشى يوق مەدەنىي بىر مىللەت دەپ ئاتىۋالغان، چىنلىقلارنىڭ تارىخىغا بىر قارايدىغان بولساق؛ مەيلى ئۆز جايلىرىدا بولسۇن، مەيلى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن جايلاردا بولسۇن، ئېلىپ بارغان قەتلىئاملىرى، بۇزۇش - يىقىتىش قاتارلىق ۋەھشىلەرچە قىلمىشلىرىنىڭ مىساللىرى بىلەن تولۇپ تاشقان.

## سانائەت

كۆكتۈركلەر «ئەرگىنەقۇن» دىكى چاغلىرىدا. كاندىن تۆمۈرجەۋھىرى (رودىسى) چىقىرىپ تۆمۈردىن ھەرخىل ھەربىي قورال. ئەسۋاپ - سەرەمجانلارنى ئىشلەپ چىقىرىشتا تازا ئۇستىلاشقان. چىن تارىخلىرىغا كۆرە. كېيىنچە، كۆكتۈركلەرنىڭ تەۋەلىكىدىكى جۇجان تاتارلىرى ئۇلاردىن ئۆگىنىپ. بۇ سانائەتتىن بەك پايدىلانغان ئىدى. كۆكتۈركلەر قاغانلىق قۇرغاندىن كېيىن. بۇ سانائەتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. بۇ قاغانلىق دەۋرىدە. موغۇلىستان ۋە ئالتاي خەلقى ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق مەدەنلەرنى كەشىپ قىلىپ. پىششىقلاپ ئىشلەپ ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ: باشقا مىللەتلەرگە سېتىشقا باشلىغان. شۇ چاغدىكى تۈرك

سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە: مىلادى (٥٦٨) ـ يىلى رىم ئىمپىراتورى جۇستىنىيان (جۇستىنۇس) تەرەپىدىن غەرب يابغۇسى ئىستىمى خانىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى زىمارك (زىمارخ) نىڭ قاغان ئوردىسىدا كۆرگەنلىرىدىن يازغان خاتىرىسى بۇلارنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «..... تۈرك يۇرتلىرىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەر نىڭ نازۇكلىقى، چىرايلىقلىقى ۋە سەنئەتتىكى ئۇستىلىقى، رىم ئىمپىراتورلۇقىدا ياسالغانلىرىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ. مەن ئىستىمى خانىنىڭ بىرقانچە ئوردىلىرىدىكى ئالتۇن نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىگە ھەيران قالدىم. مىنى ئىستىمى خان تەنتەنىلىك بىر مۇراسىم بىلەن ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلدى. ئوردىسى پۈتۈنلەي يىپەك زىلچە، يىپەك كۆرپە ـ ياستۇق ۋە يىپەك پەردىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىستىمى خان مىنى بۇ ئوردىدا، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ قوبۇل قىلدى. ئوردىنىڭ ھەشەمەتلىك زىننىتى، رىم ئىمپىراتورلۇق سارايلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. بۇ يەردە بىرقانچە دانەقۇمغان (ئاپتۇۋا) كۆردۈم. بۇ قومغانلارنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق نەقەش ۋە رەسىملەر بەكمۇ ئۇستالىق بىلەن ئويۇلغان. ئوردىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان. ئوتتۇرىدا تۆرت ئالتۇن توز قوش ئۈستىگە ئورنىتىلغان غايەت ھەشەمەتلىك بىر ئالتۇن تەخت تۇرىدۇ. ئوردىدىكى ئالتۇن قاچا ـ قۇمۇشلارنى، قىممەت باھالىق بىسات ـ سەرەمجانلارنى ۋە ئالتۇن كۈمۈشتىن ياسالغان ھايۋان سۈرەتلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن تاماشا قىلدىم. تۈركلەرنىڭ بۇخىل مەدەن مەھسۇلاتلىرىدىن ياسىغان ھەرخىل ئەسۋاپ، قورال ـ ياراغ ۋە باشقا جابدۇقلارنى تۈرك يۇرتىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچراتتىم».

## تىجارەت

كۆكتۈرك زامانىدا تۈركلەرنىڭ تىجارەت ئىشلىرى ئەڭ تەرەققى قىلغان دەۋر ئىدى. بىزانتىيە (رىم)، ئىران، ھىندىستان ۋە چىن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تىجارىتى، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ چوڭ سودىگەرلىرى بولغان شەرقىي ۋە غەربىي

تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بولۇپمۇ، چىننىڭ يىپەك رەخلىرى، تاۋار، دۇدۇن ۋە كىمخاپ قاتارلىق يىپەك توقۇلمىلىرىنى يالغۇز تۈركىستان سودىگەرلىرى، قۇرۇغلۇقتىكى كارۋان يولى بىلەن رىم، ئىران ۋە ھىندىستانغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ يۇرتنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ تۈركىستان ۋە چىن بازارلىرىدا ساتاتتى. تۈركلەرنىڭ تاشقى سودىدىكى بۇ تەرەققىيات بۇ مەملىكەتلەردىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەر ھازىر شۇ مەملىكەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. ياپونىيەنىڭ «ھارىيۇيى» بۇتخانا مۇزېيىدا، ساسانى خۇكۇمدارى زامانىدا ئېلىپ كېلىنگەن بىرمۇنچە قاچا - تاۋاقلار ساقلانماقتا.

## دىن

بۇ دەۋردە تۈركلەر، قەدىمكى تۈركلەر ۋە ھونلارنىڭ قەدىمكى دىنى بولغان «تويىن» ۋە شامان (قامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كۆكتۈركلەر، ئۈستىدىكى ئاسماننى ۋە ئاستىدىكى يەرنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ چوقۇناتتى. ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلاتتى. يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي مۇراسىمدا كۆككە(ئاسمانغا) ئىبادەت قىلاتتى. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا يېزىلغىنىغا قارىغاندا، تەڭرىنىڭ ئىسمى «تۈرك تەڭرىسى» دەپ ئاتالغان ۋە (قاقىن ئوماي» ئىسىملىك تەڭرىچىنىڭ بوۋاق ۋە كىچىك بالىلارنى تەربىيەت قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. دېمەك. كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىلگىرى چىندە راۋاج تاپقان بۇددا ۋە مانى دىنلىرى تېخى بۇ يەردە تارقالمىغان. كۆكتۈركلەردە ئۆلۈم - يېتىمدە دەپنە مۇراسىمى ۋە ئايىن (دۇئاتەلەپ) لار«يوغ» دەپ ئاتىلاتتى. ۋاپات قىلغان كىشى نەپەس ئۈزگەن ئۆيدە ياتقۇزۇلۇپ پۈتۈن ئۇرۇغ تۇغقانلار كېلىپ، بىرەر ئات. كالا ۋە ياكى بىر قويغا چاغلىق ھايۋان قۇربانلىق قىلاتتى. ئۇندىن كېيىن، مېيىت ياتقۇزۇلغان ئۆينىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئولتۇرۇپ يىغى - زارى قىلىشقا باشلايتتى. بىردەمدىن كېيىن، ھەممىسى قوپۇپ

ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئۆينىڭ ئەتراپىنى 7 قېتىم ئايلىنىپ كېلىپ، ھەرقېتىم ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى باشلايتتى. ۋە پىشانىلىرىنى پىچاق بىلەن تىلىپ قان چىقىرىپ، ئاققان قاننى ياشلىرى بىلەن يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ماتەم بىلدۈرەتتى. دەپنە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە مۇبارەك دەپ ھېساپلىنىدىغان كۆنگىچە ساقلاپ، بىرقانچە كۈن ئارقىغا سوزۇلاتتى. بەزىدە كۈزدە ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەرتىيازدا دەپنە قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دەپنە قىلىش كۈنى كەلگەندە، ئالدى بىلەن مەرھۇمنىڭ ياخشى كۆرگەن ئېتىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى ۋە باشقا ياخشى كۆرگەن نەرسە كېرەك ۋە قوراللىنى بىرگە دەپنى قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. دەپنە مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇراسىمغا ھازىر بولغانلار توپلىشىپ قەبرە ئەتراپىدا يەتتە ۋە ياكى توققۇز ئايلىنىپ بولۇپ قوربانلىق قىلىش بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشاتتى. مەرھۇم ھاياتىدا قانچە دۈشمەن ئۆلتۈرگەن بولسا، شۇنچە تاش ۋە ياكى «بالبال» دەپ ئاتالغان بېشى يوق ئادەم ھەيكىلىنى قەبرە ئەتراپىغا تىزىپ قوياتتى.

(1) نېھاۋەند ئۇرۇشى ھىجرىنىڭ 22 - (مىلادى643 -642 -) يىلى. تولۇق مەلۇمات ئۈچۈن Türk Yurdlarında Arab - İslam Futuhatları Sayfa21 مۇئەللىپنىڭ تۈركچە دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ

(2) كىتابە - قەدىمكى زاماندىن قالغان تاشقا ئويۇپ يېزىلغان يازما يادىگارلىق. تاش پۈتۈك . خەرىتىلەر ئۈچۈن. بۇئەسەرنىڭ 1989 - يىلى ئەنقەرە نەشرىگە قاراڭ

(داۋامى بار)

# ئۈچ غەزەل

## ماھمۇد ئەكرەمى

### ئەسلىمىز بىر دوست ئىدۇق

تىلىمىز بىر، دىلىمىز بىر، ئەسلىمىز بىر دوست ئىدۇق،
دىنىمىز ھەتتا قېنىمىز، نەسلىمىز بىر دوست ئىدۇق .

بىر ئىدى ئەل يۇرتىمىز بۈيۈك تۇران، تۈركىستان ،
شانۇ - شەۋكەت ، داڭقىمىز جاھانغا كەڭ تارالغان.

ئەلمىساقتىن بىللە ياشاپ ، كۆرگۈلۈكنى تەڭ كۆرگەن،
رەقىپلەرنىڭ ھەملىسگە دائىم يەكنى تەڭ تۈرگەن.

تائەزەلدىن ئارزۇ- ئارمان ۋە دەردىمىز بىر ئىدى،
پىشانىمىزگە پۈتۈلگەن تەقدىرىمىز بىر ئىدى.

قولدىن كىتىپ بەختۇ- ئامەت ياۋۇزلارغا بولدۇق يەم،
ھەم پەرز ئىدى، ھەم قەرز ئىدى تائەبەت بولۇش ھەمدەم.

ئەسىر بويى زۇلۇم چىكىپ بىر قايىنامدا قايندۇق،
قان تۆكۈپ تىنماي كۆرەشتۇق ئەرك يولىدىم قايتمىدۇق.

ئامەت كىلىپ قوندى بەخىت قېرىنداشلار بېشىغا،
ئۆز تەقدىرىن ئىلىپ قولغا ئىگە بولدى ئىشىغا.

قالدىم يالغۇز يۇرتتا كىشەن، باشتا قىلىچ تەگلەگىلىك،
دەرتلىرىمنى تۈشەنگىدەك دوست چىقمىدى يۈرەگىلىك.

تەقدىرى بىر قېرىنداشلار بىر - بىرىنى ساتامدۇ؟
دوستى ئۆتتا كۆيىۋاتسا چەتتە قاراپ ياتامدۇ؟

## پۈتۈن تۈركىستان قىلىپ

( ئەمىر تۆمۈر تەۋەللۇدىنىڭ 660 يىللىقىغا بېغىشلايمەن )

تەكرىم ئەسلى تەڭ ياراتقان بىزنى ھۆر ئىنسان قىلىپ،
ئەقلۇ- ئىدراك، پەم - پاراسەت، كۈچ - قۇدرەت ئېھسان قىلىپ.
تېشى گەۋھەر، سۈيى كەۋسەر، توپىسى ئالتۇن ۋەتەن ،
ئاتاپ بايلىق توققۇزى تەل ، بىزنى بى نۇقسان قىلىپ.

مىڭلاپ يىللار ھۆكۈم سۈرگەن ھونۇ، تۇران، تۈركىستان،
چىش بىلەپ كەلگەن رەقىپنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ،
ئەلنى گۈزەللەتكەن خاقانلار ، پازىلۇ - ئەللامەلەر،
بىر بولۇپ بىر جانۇ - بىر تەن مۈشكۈلنى ئاسان قىلىپ.

... كەتتى ئامەت، باستى ئاپەت، ئاغدۇرۇلدى تاجۇ - تەخت،
ئىككى ياقتىن باستى ئاچ ياۋ پارچىلاپ ۋەيران قىلىپ.
جۈپ ئەسىر بۇلاپ - تالاپ، ئۆلتۈرۈپ قانلار تۆكۈپ،
تويمىدى قانخور ياۋۇزلار ئەلنى خار سەرسان قىلىپ.

ھۆرقۇياشى نۇرىن چاشتى قېرىنداشلار بېشىغا،
قالدى ئۇيغۇر زۇلمەت ئىچرە ھۆرلۈكنى ئارمان قىلىپ.
بۆلۈنگەننى بۆرى يەر كەن، ئايرىلغانلارنى ئېيىق،
بىرلىشىپ قۇرايلى ئۈينى مۇستەھكەم قورغان قىلىپ.

چىقسىدى، ئەمىر تۆمۈردەك بىر ئۇلۇغ ساھىپقىران،
قۇرسا ئەلنى مۇستەقىل - ئازات تۈركىستان قىلىپ.

# بەختىم كۈلۈپ باقمىدى

باشقا چۈشتى كۆپ سەۋدالار ، بەختىم كۈلۈپ باقمىدى،
مىنىڭ دەرتلىك بېقىشلىرىم يارغا پەقەت ياقمىدى .

ياۋ سۈلۈكتەك شوراۋاتسا چاپلىشىپ يار قېنىنى،
ئۇرنۇمدىن دەس تۇرالمسام قۇتقازمسام جىنىنى.

قۇرۇق تىلەك تىلەۋەردىم تىلەكلىرىم ئاقمىدى ،
غەزەپلىرىم چايان بولۇپ ياۋنى بېرىپ چاقمىدى.

نالە ـ زارىم ، ئاھ پىغانىم ھەق ئىگەمگە يەتمىدى،
بۇ رەزالەت چىڭ چاپلىشىپ مەندىن نېرى كەتمىدى.

رەسۋالىشىپ بىر چەتتە مۇش ئىتىشىپ ئۆز ـ ئارا ،
دوست ـ دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا باش ـ كۆزۈم بولدى يارا.

يابىرلىك يوق، يائەھدىلىك، ئىشلىرىمدا بەرىكەت،
قاچان تېپىپ ئەقلى ھوشنى قىلارمەن ئوم ھەرىكەت.

بۇ ھالەتتە قانداق ياقسۇن يارغا مىنىڭ بېقىشىم ،
جاندىن كەچمەي مۇمكىن ئەمەس يارغا مىنىڭ يېقىشىم.

## شەرقىي تۈركىستاندا قانلىق قىرغىنچىلىق داۋاملاشماقتا

## خەلقىمىزنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى كۈنسېرى زورايماقتا

1998 ـ يىل 17 ـ مارت

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەكىت ناھىيىسىدىكى پەيلو تۈرمىسى قۇراللىق كىشىلەر تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى . ھۇجۇمچىلار 11 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچتى. بۇندىن ئاۋۋال بىرقىتىملىق قۇراللىق توقۇنۇشتا كىرەمجان ئىسىملىك دوستىدىن ئايرىلغان قوزغىلاڭچىلار 9 نەپەر خىتاي ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن بولۇپ، خىتاي قۇراللىق قىسىملىرى كۆپ ئىزدىنىپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

1998 ـ يىل مارت

ئۈرۈمچىنىڭ دادىيوپۇ بۆلگىسىدە نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن كاللىسى كېسىلگەن تۆرت نەپەر خىتاينىڭ جەسىدى ئېتىزلىقتا تاشلىۋېتىلگەن ھالدا بايقالغان.

1998 ـ يىل 7 ـ ئاپرېل

كورلا شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئۆششاقتال ناھىيىسىدە 3 نەپەر خىتاي ساقچى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 1998 - يىل 7 - ئاپرىل

قەشقەر ھېيتگاھ جامىسىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ( ئىككى يىل ئاۋۋال ئوغلى بىلەن بىللە پىچاقلانغان ) باشچىلىقىدىكى 10 دىن ئارتۇق خىتاي غالچىسى ھىساپلانغان يالغان موللىلار نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

( ميونخ شەرقىي تۈركىستان خەۋەر مەركىزى خەۋىرى )

## 1998 - يىل 7 - ئاپرىل

قازاقىستاندىن شەرقىي تۈركىستانغا كىتىۋاتقان بىر يۈك ماشىنىسى خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قورغاس چېگرىسىدا تەكشۈرۈلۈپ ، يۈك ئارىسىدىن ئېغىر - يىنىك تىپتىكى قۇرال چىقتى ، دىگەن باھانە بىلەن نۇرغۇن كىشى تۇتقۇن قىلىندى.

## 1998 - يىل 22 - ئاپرىل

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ كىپە كيۈزى يېزىسىدا بىگۇنا تۇتۇپ كىتىلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا كىتىۋاتقان بىرتوپ خەلق ، خىتاي ساقچى - ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى . ئوق يامغۇرى ئىچىدە 3 نەپەر بىگۇنا دېھقان شېھىد بولدى. غەزەپلەنگەن خەلق ساقچى - ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى قۇراللارنى تارتىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. شىددەتلىك ئېتىشىش جەريانىدا 40 تىن ئارتۇق خىتاي تاجاۋۇزچىسى ئۆلدى.

( دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى خەۋىرى )

## 1998 - يىل 27 - ئاپرېل

شەرقىي تۈركىستاننىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ جىپكو يېزىسىدىكى بىڭتۈەننىڭ قورال ئامبىرىغا باستۇرۇپ كىرگەن بىر توپ قوراللىق كىشىلەر نۇرغۇن قورال ، ئوق - دورىلارنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

## 1998 - يىل 3 - ماي

كورلا رايونىدىكى بىڭتۈەننىڭ 29 - تۈەنىدىكى بىر بىنادا بومبا پارتلاپ 41 نەپەر خىتاي ئۆلدى ۋە نۇرغۇن ئادەم يارىلاندى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ۋەقەنى ئىككى كۈن بۇرۇن ئۈزۈم ساتقىلى كەلگەن ئۈچ نەپەر ئۇيغۇردىن كۆرمەكتە.

( ميونخ شەرقىي تۈركىستان خەۋەر مەركىزى خەۋىرى )

## 1998 - يىل 23 - ئاپرېل

بالىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن، تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق بالىلار ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى قىلدى.

## 1998 - يىل 10 - ماي

ئانىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئانىلار ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا 10 نەچچە سىمۋوللۇق بوۋاقنى تاشلاپ قويۇپ، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان زورلۇق تۇغۇت چەكلەش سىياستىگە نارازىلىق بىلدۈردى.

### ياۋروپا ئۇيغۇرلارغا ساھىپ چىقماقتا

## روسىيە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر مۇجاھىدلارغا پانالىق بەردى

بۇلتۇرقى غۇلجا قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئۇيغۇر ياشلىرى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە سىياسىي پانالىق تىلىمەكتە ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي پانالىقى قوبۇل قىلىنماقتا.

ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، كانادا، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، ھوللاندىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەر 500 گە يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق سىياسىي پانالىق تىلىگۈچىلەرنىڭ پانالىقىنى قوبۇل قىلدى.

ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ كانادا 100 گە يېقىن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سىياسىي پانالىقىنى قوبۇل قىلدى. 1997- يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم 2 نەپەر ئۇيغۇرياشنىڭ سىياسىي پانالىقىنى قوبۇل قىلدى.

بۇلتۇر 9 - ئايدا ختاي - مانجۇرىيە چېگرىسىنى بۇزۇپ چىقىپ كەتكەن بەش نەپەر ئۇيغۇر مۇجاھىد روسىيەنىڭ چىتا شەھرىدە روسىيە ھۆكۈمىتىدىن رەسمىي پانالىق تىلىدى. بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى روسىيە تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ سىياسىي پانالىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ بەش نەپەر ئۇيغۇر مۇجاھىد 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى موسكۋادا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ختاي زوراۋانلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمىنى شىكايەت قىلدى ۋە روسىيە ھۆكۈمىتىگە تەشەككۈر ئېيتتى.

# شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى

## 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئىستانبۇلدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى

تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياش تەشكىلات «شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى» ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە 3 يىللىق ھاياتىدا تەشكىللىي پائالىيەت ۋە مۇجادىلە تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسى بولغان 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزدى.

1998 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق قۇرۇلتايغا شەرقىي تۈركىستان ۋەقپىنىڭ باشلىقى گېنېرال مەھەممەت رىزا بەكىن، ئىستانبۇل ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پەنلىرى بويىچە پروفېسسور دوكتورى مەھەممەت ساراي قاتارلىقلار قاتناشتى ۋە مۇھىم تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. يىغىنغا قاتناشقان 200 گە يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار ئابدۇلھەكىم ئىلتەبىرنىڭ خىزمەت دوكلادىنى ئاڭلىدى، قۇرۇلتاي سېيىت تارانچى باشچىلىقىدىكى 13 كىشىلىك يېڭى رەھبىرى ئورگىنىنى سايلاپ چىقتى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر بىلەن خىزمەت تەقسىماتىنى بەلگىلەپ چىقتى. قۇرۇلتاي داۋامىدا سۆزگە چىققان ۋەكىللەر ۋە ئەزالار جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە ياخشى باھا بەردى شۇنداقلا ۋەتەن، خەلقىمىزنىڭ كۈتكەن ئارزۇ - ئارمانلىرى ئالدىدا

ھېچنەرسە قىلمىغانلىقىمىزنى ئەسكەرتتى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خەلقارا، خىتاي، ۋەتەن ۋەزىيىتىنى ئوبدان تەھلىل قىلىپ ، خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق يولىدىكى ئازاتلىق كۈرەشلىرىگە مەدەت بېرىش، ياردەم بېرىش ۋە ماسلىشىش مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

1996 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋەتەن داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش، كەڭ خەلقنى قوزغاپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور كۈچ چىقاردى. ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ، ياۋروپا پارلامېنتوسى، خەلقارا ئىسلام تەشكىلاتى ، تۈركىيە ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى قاتارلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملار ھەققىدە قارار ئېلىشىدا شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى تىگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. ھەمكارلىق جەمىيىتى تەييارلىغان مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمى، كىتاپچە، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە ۋەتەن ئىچىدىن كەلتۈرۈلگەن فىلىم ، رەسىم ، ھۆججەت قاتارلىقلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا شۇنىڭدەك خەلقارا تەشكىلاتلارغا تارقىتىلدى.

ئىستانبۇلدا بىر قەدەر ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلغان خابىتات شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تەشۋىقاتى، تۈركىيە مىقياسىدىكى 30 نەچچە قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ، 2 قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللاش ئىمزا كامپانىيىسى، 10 نەچچە قېتىملىق نارازىلىق يىغىلىشى ۋە نامايىشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى.




Doğu Türkistan Heyeti Bursa'daki Türk Kurultayı'nda




Hamit Göktürk Eskişehir'deki
Panel'de konuşma yaparken




İsmail Cengiz Türk Kurultayı'nda
Protokol Konuşması Yaparken

شەرقى تۈركىستان ئاۋازى

## SANA MİNNETTARIZ



Devlet Bakanı Andican Vakıf Merkezinde